# مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بىلىشكە تېگىشلىك زۆرۈر بىلىملەر

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن......................................................1
تەقرىز.............................................................3
كىرىش سۆز........................................................5
مۇقەددىمە .........................................................6
بىرىنچى قىسىم: ئەقىدە بۆلۇمى.......................................9
ئىككىنچى قىسىم: فىقھى (ئىبادەت) بۆلۇمى..........................25
ئۇچىنچى قىسىم: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەرجىمىھالى...................41
تۆتىنچى قىسىم: تەپسىر بۆلۇمى......................................47
بەشىنچى قىسىم: ھەدىس بۆلۇمى.......................................59
1-ھەدىس: نىيەت ھەققىدە.............................................59
2-ھەدىس: بىدئەت ھەققىدە............................................60
3-ھەدىس: دىن ھەققىدە .............................................60
4-ھەدىس: ئەخلاق ھەققىدە............................................62
5-ھەدىس: قەسەم ھەققىدە.............................................63
6-ھەدىس: پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە .........64
7-ھەدىس: ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرۈش ھەققىدە ..........................................................65
8-ھەدىس: ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە .........65
9-ھەدىس: جەننەتتىكى بىر خەزىنە ھەققىدە .................66

10-ھەدىس: قەلب ھەققىدە..................................67
11-ھەدىس: تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە.....67
12-ھەدىس: قوپال ۋە سەت گەپ قىلغۇچى ھەققىدە .........68
13-ھەدىس: پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىش ھەققىدە......69
14-ھەدىس: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ساۋابى ھەققىدە .............69
ئالتىنچى قىسىم: ئىسلامىي ئەدەپ-قائىدىلەر بۆلۈمى ...........71
ئاللاھ تەئالا ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش............................71
رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولىدىغان ئەدەپ-قائىدىلەر............71
ئاتا-ئانا بىلەن بولىدىغان ئەدەپ-قائىدىلەر.......................72
سىلە-رەھىم (تۇغقانچىلىق) قىلىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر72
ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قېرىنداش بولۇشنىڭ ئەدەپلىرى ......73
قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى...........................................74
مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرى ..........................................74
ئاغرىق ۋە كېسەل يوقلاش ئەدەپلىرى.............................75
ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەدەپلىرى.......................................75
مەجلىس (يىغىلىش) ئەدەپ-قائىدىلىرى..........................76
ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى.......................................76
يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى ...........................77
كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى ...............................................77
قاتناش ۋاسىتىلىرىگە مىنىش ئەدەپلىرى..........................78

يول ئەدەپلىرى............................................78
ئۆيگە كىرىش ۋە چىقىشنىڭ ئەدەپلىرى .........................79
ھاجەتخانا ئەدەپلىرى ......................................80
مەسجىد ئەدەپلىرى..........................................80
سالامنىڭ ئەدەپلىرى ........................................81
رۇخسەت سوراشنىڭ ئەدەپلىرى.................................81
ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش ئەدەپلىرى...............................81
چېنىقىش ئەدەپلىرى..........................................82
چاقچاقنىڭ ئەدەپلىرى........................................82
چۈشكۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرى.....................................82
ئەسنەشنىڭ ئەدەپلىرى.......................................83
قۇرئان كەرىم ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى...........................83
يەتتىنچى قىسىم: ئەخلاق بۆلۈمى ..............................84
سەككىزىنچى قىسىم: زىكىر ۋە دۇئالار بۆلۈمى..................100
زىكىرنىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىلىرى...............................100
كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە كىيىم-كېچەك زىكىرلىرى .........101
پاكىزلىق، تاھارەت ۋە ئۆي ئەدەپلىرى..........................102
مەسجىد ۋە ئەزان زىكىرلىرى....................................103
ئەتىگەنلىك، كەچلىك ۋە ئۇخلاش زىكىرلىرى...................104
يېمەك-ئىچمەك ۋە چۈشكۈرۈش ئەدەپلىرى......................105

يىغىلىش، قاتناش ۋە سەپەر دۇئالىرى ........................ 106
تۇرلۇك ھالەتلەردىكى زىكىر ۋە دۇئالار........................... 109
توققۇزىنچى قىسىم: تۇرلۇك مەسىلىلەر بۆلۈمى................. 112
خاتىمە ........................................................... 119

# تەرجىماندىن

ھەمدۇسانا ، گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر! گۈزەل ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر. ئالىي مەقام ۋە گۈزەل سالاملار پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭ سۈننىتىنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى قىلىپ ماڭغانلارغا بولسۇن، ئامىن!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم! قولىڭىزدىكى شەيخ يەزىن ئەلغانىم تەرىپىدىن رەتلەنگەن «مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بىلىشكە تېگىشلىك زۆرۈر بىلىملەر» ناملىق بۇ كىتابنى «جەمئىيەتۇل جۇد»نىڭ مەجلىس رەئىسى ئۇستاز ئابدۇلئەزىز زايىد (ئەبۇ سەئۇد) نىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ بۇ كىتابقا زۆرۈر ئېھتىياجى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ تۈركىيەدىكى مەسئۇلى، يېقىن دوستۇم دوكتور مەھمۇدنىڭ: «بۇ كىتاب نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى» دېگەن ئىشارەت سۆزى مېنىڭ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشىمغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى. مىللىتىمىنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ كىتابتىكى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان زۆرۈر مەسىلىلەرنى دەلىللىرى بىلەن توغرا ئۆگىنىپ چوڭ بولسا، ئەلۋەتتە دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىغا توغرا ئەمەل قىلىشقا كىچىككىنە بولسىمۇ پايدىسى بولىدۇ دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم.

بۇ كىتابتا دىنىمىز ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى قىسقا دەلىللىرى بىلەن ئىخچام سوئال-جاۋاب شەكلىدە رەتلەنگەن بولۇپ، بۇنى ئائىلىدە، يەسلىدە، قۇرئان كۇرسلىرىدا ۋە مەدرىسەلەردە ئۆسمۈرلەرنىڭ يېشىغا قارىتا مۇناسىپ يەرلىرىنى تاللاپ، باسقۇچلۇق شەكىلدە دەرس قىلىنسا بولىدىغان زۆرۈر مەسىلىلەر زىكىر قىلىنغان. مېھرىبان رەببىمىز ئاللاھتىن بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى، تەرجىمە قىلغۇچىسى، تەھرىرلىگۈچىسى، ئوقۇپ ئەمەل قىلغۇچىسى ۋە نەشر قىلىپ تارقىتىشقا ياردەملەشكەن پۈتۈن قېرىنداشلارغا چەكسىز مېھىر-شەپقەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن ۋە مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمنى سالىھ ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئەبۇ ئەززام ئەھمەد قاراخان.

2026-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى، تۈركىيە، كوجائىلى، ئىلىمتىبىيە.

# تەقرىز

الْحَمْدُ لِلَّهِ وَحْدَهُ وَالصَّلَاةُ وَالسَّلَامُ عَلَى مَنْ لَا نَبِيَّ بَعْدَهُ، أَمَّا بَعْدُ:

فَقَدْ قَرَأْتُ هَذِهِ الرِّسَالَةَ «مَا لَا يَسَعُ أَطْفَالَ الْمُسْلِمِينَ جَهْلُهُ» فَوَجَدْتُ أَنَّهَا رِسَالَةٌ عَامَّةٌ مُفِيدَةٌ بِأُسْلُوبِهَا الْخَاصِّ عَلَى تَرْتِيبِ السُّؤَالِ وَالْجَوَابِ الْمُخْتَصَرَةِ الَّتِي هِيَ أَقْرَبُ لِلْفَهْمِ وَأَسْهَلُ لِلْحِفْظِ، فَبَادَرَتْ شُعُورِي أَنْ أُطَالِعَ تَرْجَمَتَهَا، فَقَرَأْتُ تَرْجَمَتَهَا بِدِقَّةٍ فَلَمْ أَجِدْ إِلَّا أَنَّهَا تُرْجِمَتْ مُوَافِقَةً لِمَتْنِ الرِّسَالَةِ وَبِأُسْلُوبٍ مُمْتَازٍ إِلَى اللُّغَةِ الْأُويْغُورِيَّةِ لِيَسْتَفِيدَ مِنْهَا أَطْفَالُ الْمُسْلِمِينَ الْأُويْغُورِيُّونَ وَالْمُبْتَدِئُونَ... فَجَزَى اللَّهُ خَيْرًا مُؤَلِّفَهَا الشَّيْخَ يَزَنَ الْغَانِمَ وَمُتَرْجِمَهَا الْأُسْتَاذَ الْكَرِيمَ أَبِي عَزَّامٍ وَلِمَنْ يُسَاعِدُ لِنَشْرِهَا تَعَاوُنًا بِالْبِرِّ وَالتَّقْوَى امْتِثَالًا لِأَمْرِ اللَّهِ تَعَالَى فِي قَوْلِهِ عَزَّ وَجَلَّ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى﴾، وَمُتَّبِعًا لِسُنَّةِ نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ ﷺ فِي قَوْلِهِ: «الدَّالُّ عَلَى الْخَيْرِ كَفَاعِلِهِ». وَأَسْأَلُ اللَّهَ أَنْ يَنْفَعَنَا وَالْمُسْلِمِينَ وَأَطْفَالَهُمْ أَنْفَعَ نَفْعٍ بِهَذِهِ الرِّسَالَةِ الْمُهِمَّةِ.

تەھرىردىن (تەرجىمىسى): ھەمدۇسانا بىر ئاللاھقا بولسۇن ۋە دۇرۇت-سالاملار ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ﷺ گە بولسۇن.

مەقسەت: «مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بىلىشكە تېگىشلىك زۆرۈر بىلىملەر» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ سوئال-جاۋاب شەكلىدە ئىخچام يېزىلغان، پايدىلىق ئۇنىۋېرسال ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. تەرجىمە ئەسلى تېكىستىگە تولۇق ئۇيغۇن، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ۋە دىنىنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر پايدىلىنالايدىغان ئۇسلۇبتا ئىنتايىن توغرا ۋە ياخشى تەرجىمە قىلىنىپتۇ. ئاللاھ تەئالادىن كىتابنىڭ مۇئەللىپى شەيخ يەزىن ئەلغانىمغا، تەرجىمە قىلغۇچىسى ئۇستاز ئەبۇ ئەززام ئەھمەد قاراخانغا ياخشى مۇكاپاتلار بېرىشىنى سورايمەن. شۇنداقلا ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا ھەمكارلىشىڭلار...» دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ياخشىلىقتا

باشلىغۇچى ئۇنى قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر» دېگەن سۆزىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن، بۇ كىتابنى بېسىپ تارقىتىشقا ئەمگىكى ۋە ياردىمى بولغان پۈتۈن قېرىنداشلارغىمۇ كۆپلەپ ئەجىر-مۇكاپات بېرىشىنى مېھرىبان رەببىمدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

هۆرمەت بىلەن قېرىندىشىڭلار: ئابدۇررەھمان ئوغلى دوكتور مەھمۇدجان مۇھاجىر تۈركىستانى.

2026-يىلى 1-ئاينىڭ 5-كۈنى.

# كىرىش سۆز

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ئاللاھ تەئالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن.

مەقسەتكە كەلسەك: بۇ كىتابتا مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ بىلىشى شەرت بولغان مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلىرى ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بۇلارنى باللىرىغا كىچىكىدىنلا ئۆگىتىشى لازىم. بۇ ئەقىدە، فىقھى، سىيرەت (تەرجىمىھال)، تەپسىر، ھەدىس، ئەدەب-ئەخلاق ۋە زىكىرلەر ھەققىدە مۇكەممەل، ئاسان ۋە قولاي ئۇسلۇب بىلەن رەتلەنگەن دەرسلىك بولۇپ، ھەر ياشتىكى باللار، چوڭلار ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارغا ماس كېلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئائىلىدە، يەسلىدە ۋە دەرسخانىلاردا ئۆگىتىلسە بولىدىغان، يادلاش ۋە شەرھلەپ چۈشىنىش ئاسان بولغان دەرسلىكتۇر. مەن بۇنى مۇناسىپ تەرتىپ بىلەن رەتلەپ چىقتىم ۋە ئۇنى سوئال-جاۋابلىق قىلدىم. چۈنكى سوئال-جاۋابلىق جۈملىلەر ئىنساننىڭ زېھنىگە تېز يەرلىشىدۇ ۋە يادلاشقا ئاسان بولىدۇ. ئۇستازلار ئۆسمۈرلەرنىڭ يېشىغا قاراپ مۇناسىپ يەرلىرىنى تاللاپ ئۆگەتسە بولىدۇ. ئاللاھ تەئالادىن بۇنىڭ مەنپەئەتلىك بىر دەرسلىك بولۇشىنى ۋە مېنىڭ بۇ قىلغان ئەمەلىمنى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن مۇئەللىپ: يەزىن ئەلغانىم.

# مۇقەددىمە

بۇ دەرسلىكنىڭ ئەسلى مەنبەسى تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان:

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ «ئەي ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسانلار ۋە تاشلار بولغان دوزاخ ئوتىدىن ساقلاڭلار. دوزاختا قوپال، قاتتىق قول پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ».[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

«يَا غُلَامُ، إِنِّي أُعَلِّمُكَ كَلِمَاتٍ: احْفَظِ اللَّهَ يَحْفَظْكَ، احْفَظِ اللَّهَ تَجِدْهُ تُجَاهَكَ، إِذَا سَأَلْتَ فَاسْأَلِ اللَّهَ، وَإِذَا اسْتَعَنْتَ فَاسْتَعِنْ بِاللَّهِ، وَاعْلَمْ: أَنَّ الْأُمَّةَ لَوِ اجْتَمَعَتْ عَلَى أَنْ يَنْفَعُوكَ بِشَيْءٍ لَمْ يَنْفَعُوكَ إِلَّا بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللَّهُ لَكَ، وَإِنِ اجْتَمَعُوا عَلَى أَنْ يَضُرُّوكَ بِشَيْءٍ لَمْ يَضُرُّوكَ إِلَّا بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللَّهُ عَلَيْكَ، رُفِعَتِ الْأَقْلَامُ وَجَفَّتِ الصُّحُفُ»

« ئەي بالا! مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھنىڭ ھەققىنى ساقلىغىن، ئاللاھ سېنى ساقلايدۇ؛ ئاللاھنىڭ ھەققىنى ساقلىساڭ، ئاللاھنى ئالدىڭدا تاپىسەن؛ بىر نەرسە

---

[1] تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت

تىلىسەڭ ئاللاھتىن تىلىگىن، ياردەم سورىساڭ ئاللاھتىن سورىغىن. بىلگىنكى، پۈتۈن ئۈممەت ساڭا بىرەر مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانسىمۇ، پەقەت ئاللاھ سەن ئۈچۈن پۈتۈۋەتكەن مەنپەئەتنىلا يەتكۈزەلەيدۇ. ئەگەر ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانسىمۇ، پەقەت ئاللاھ سەن ئۈچۈن پۈتۈۋەتكەن زىياننىلا يەتكۈزەلەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، دەپتەر يېپىلدى»[1].

يەنى، ئىنسان ئۆزىنىڭ نىجاتلىقىنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىللە ئائىلە- ئەزالىرىنىڭمۇ نىجاتلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ياشتىكى ئابدۇللا ئىبنى ئابباسقا تەلىم بەرگىنىدەك ئۆسمۈرلەرگە دىنىنى ئۆگۈتۈش ھەر-بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئۆسمۈرلەرگە تەلىم بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئالىملارنىڭ قىممەتلىك سۆزلىرى:

شەيخ ئىمام مۇھەممەد بىن ئابدۇلۋەھھاب: «سەبىيلەرگە تەۋھىد ئۆگىتەيلى» دىگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساپ ئىسلام ئۇستىدە مۇكەممەل ئىنسان بولىشى ۋە ئىيمان يولىدا ياخشى مۇۋەھھىد- تەۋھىدچى بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۆسمۈرلەرگە قۇرئان ئۆگىتىشتىن بۇرۇن ئۆگىتىش پەرىز بولغان ئىنتايىن پايدىلىق كىتابتۇر».

ئىمام ئەبۇزەيد ئەلقەيرىۋانى- رەھىمەھۇللاھ- مۇنداق دەيدۇ:» كىچىك بالىنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇش، ئون ياشتا (ناماز ئوقىمىسا) ئۇرۇش ۋە ياتىقىنى ئايرىش ھەدىستە كەلگەندەك، ئاللاھ بەندىلەرگە پەرىز قىلغان سۆز- ھەرىكەت ئىبادەتلەرنىمۇ سەبىيلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئورۇنلاشقان، كۆڭۈللىرى ئۇنىڭغا كۆنگەن ۋە ئەزالىرى

[1] تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ھالدا بالاغەت يېشىغا كىرىشلىرى ئۈچۈن سەبىيلەرگە بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئۆگىتىش زۆرۈردۇر». (دېمەك، سەبىيلەرگە بالاغەت يېشىدىن بۇرۇنلا دىنىنىڭ زۆرۈر بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈردۇر).

# بىرىنچى قىسىم: ئەقىدە بۆلۈمى

1-سوئال: مَنْ رَبُّكَ؟ (رەببىڭىز كىم؟)

جاۋاب: مېنى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ، سانسىز نېمەتلىرى بىلەن تەربىيەلىگەن زات ـ ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر.

دەلىل: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر»[1].

2-سوئال: مَا دِينُكَ؟ (دىنىڭىز نېمە؟)

جاۋاب: دىنىم ئىسلامدۇر. ئىسلام ـ تەۋھىد ئاساسىدا ئاللاھقا تەسلىم بولۇش، ئىتائەت بىلەن بويسۇنۇش، شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىدىن يىراق بولۇشتۇر.

دەلىل: ﴿إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ﴾ «ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھەق دىن پەقەت ئىسلام دىنىدۇر»[2].

3-سوئال: مَنْ نَبِيُّكَ؟ (پەيغەمبىرىڭىز كىم؟)

جاۋاب: مېنىڭ پەيغەمبىرىم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ دۇر.

دەلىل: ﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ﴾ «مۇھەممەد ﷺ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر»[3].

4-سوئال: كەلىمە تەۋھىدنى ئوقۇڭ ۋە مەنىسىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: كەلىمە تەۋھىد: ﴿لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ دۇر. مەنىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېمەكتۇر.

---

[1] فاتىھە سۈرىسى، 2-ئايەت
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 19-ئايەت
[3] فەتھى سۈرىسى، 29-ئايەت

دەلىل: ﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ﴾ «بىلگىنكى، ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[1].

## 5-سوئال: أَيْنَ اللهُ؟ (ئاللاھ نەدە؟)

جاۋاب: ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۈستىدە، ئاسماندا ـ ئەرشىدىدۇر.

دەلىل: ﴿الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾ «مېھرىبان ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى»[2].

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ﴾ «ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر، ھېكمەتلىكتۇر، خەۋەرداردۇر»[3].

## 6-سوئال: «مۇھەممەد ﷺ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئۇنى ئاللاھ تەئالانىڭ پۈتۈن ئالەمگە خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىش ۋە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.

پەيغەمبەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلەر:

1) ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش.

2) بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلاش.

3) ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلماسلىق.

4) سۈننىتىگە ئەگىشىپ، بىدئەتنى تەرك ئېتىش ۋە ئاللاھقا پەقەت ئۇ كۆرسەتكەن شەرىئەت بويىچە ئىبادەت قىلىش.

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى، 19-ئايەت

[2] تاھا سۈرىسى، 5-ئايەت

[3] ئەنئام سۈرىسى، 18-ئايەت

دەلىل: ﴿مَّن يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ چوقۇم ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[1].

﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ * إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَىٰ﴾ «ئۇ پەيغەمبەر ئۆز ئارزۇسى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىگىنى پەقەت نازىل قىلىنغان ۋەھيىدۇر»[2].

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً﴾ «سىلەر ئۈچۈن -يەنى ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنى ئۈمىد قىلىدىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىدىغان كىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەسۇلىدا چوقۇم گۈزەل نەمۇنە بار»[3].

## 7-سوئال: ئاللاھ تەئالا بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

جاۋاب: ئاللاھ تەئالا بىزنى ئويۇن-تاماشا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شېرىكى يوق يەككە-يېگانە ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ياراتتى.

دەلىل: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈنلا ياراتتىم»[4].

## 8-سوئال: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىبادەت ـ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.

تاشقى ئىبادەتلەر: تىل بىلەن زىكىر ئېيتىش (تەسبىھ، ھەمدە)، ناماز ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىقلار.

---

1 نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت

2 نەجم سۈرىسى، 3-4-ئايەتلەر

3 ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت

4 زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت

ئىچكى ئىبادەتلەر: ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش قاتارلىق قەلبتىكى ئەمەللەر.

9-سوئال: بىزگە پەرز بولغان ئەڭ چوڭ ۋەزىپە نىمە؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بىلىش (يەنى تەۋھىد).

دەلىل: ﴿وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعْبُدُواْ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[1].

10-سوئال: تەۋھىدنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: تەۋھىد ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. تەۋھىد رەبۇبىيە (رەبلىكتە بىر بىلىش): ئاللاھنى يەككە ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرغۇچى دەپ بىلىش.

2. تەۋھىد ئۇلۇھىيە (ئىلاھلىقتا بىر بىلىش): بارلىق ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھقىلا قىلىش، باشقا ھېچنىمىگە ئىبادەت قىلماسلىق.

3. تەۋھىد ئەسما ۋە سىپەت (ئىسىم-سۈپەتلەردە بىر بىلىش): كىتاب ۋە سۈننەتتە كەلگەن ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى مەخلۇقلارغا ئوخشاتماستىن، سىلىشتۇرماستىن ئەينەن قوبۇل قىلىپ ئىمان كەلتۈرۈشتۇر.

دەلىل: ﴿رَّبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ ۚ هَلْ تَعْلَمُ لَهُ سَمِيًّا﴾ «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ

[1] بەييىنە سۈرىسى، 5-ئايەت

رەببىڭدۇر، شۇڭا پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىل ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇر، ئۇنىڭغا تەڭداش بىرەرسىنى بىلەمسەن؟»[1].

## 11-سوئال: ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟

جاۋاب: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش.

دەلىل: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَاءُ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلگەن گۇناھنى كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى خالىغان كىشى ئۈچۈن كەچۈرىدۇ»[2].

## 12-سوئال: شېرىك دېگەن نېمە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىبادەتنىڭ بىرەر تۈرىنى ئاللاھتىن باشقىغا قارىتىپ قىلىش شېرىكتۇر.

شېرىكنىڭ تۈرلىرى:

* چوڭ شېرىك: ئاللاھتىن باشقىدىن ھاجەت سوراپ دۇئا قىلىش، باشقىغا سەجدە قىلىش ياكى ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش.

* كىچىك شېرىك: ئاللاھتىن باشقىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش، تۇمار ئېسىش، ئىبادەتنى كۆز-كۆز قىلىش (رىيا).

## 13-سوئال: ئاللاھتىن باشقا بىرەرسى غەيبنى بىلەمدۇ؟

جاۋاب: يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم غەيبنى بىلمەيدۇ.

دەلىل: ﴿قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ ۚ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ﴾ «دېگىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى غەيبنى بىلمەيدۇ، پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ»[3].

## 14-سوئال: ئىماننىڭ ئاساسلىرى قايسىلار؟

---

[1] مەريەم سۈرىسى، 65-ئايەت
[2] نىسا سۈرىسى، 48-ئايەت
[3] نەمل سۈرىسى، 65-ئايەت

جاۋاب: ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى بار:
1) ئاللاھقا،
2) پەرىشتىلەرگە،
3) كىتابلارغا،
4) پەيغەمبەرلەرگە،
5) ئاخىرەت كۈنىگە،
6) ياخشى-يامان تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش.

دەلىل: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ﴿أَنْ تُؤْمِنَ بِاللَّهِ، وَمَلَائِكَتِهِ، وَكُتُبِهِ،وَرُسُلِهِ، وَالْيَوْمِ الْآخِرِ، وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ﴾ «ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىسەن ۋە ياخشى-يامان تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرىسەن»[1].

## 15-سوئال: ئىماننىڭ ئاساسلىرىنى قىسقىچە شەرھلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئاللاھقا ئىمان: ئاللاھنى يارىتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، يەككە ئىلاھ ۋە پۈتۈن كامالەت سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى دەپ بىلىش.

2) پەرىشتىلەرگە ئىمان: ئۇلارنىڭ نۇردىن يارىتىلغان، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمايدىغان بەندىلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيى ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتىدۇر.

3) كىتابلارغا ئىمان: ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا، جۈملىدىن قۇرئان، ئىنجىل، تەۋرات، زەبۇر ۋە سەھىپىلەرگە ئىشىنىش.

4) پەيغەمبەرلەرگە ئىمان: ئاللاھ ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە ئىشىنىش. نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ﷺ لار ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردۇر.

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى

5) ئاخىرەتكە ئىمان: قەبرە سوئال-سورىقى، قايتا تىرىلىش، ھېساب، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەقلىقىگە ئىشىنىش.

6) تەقدىرگە ئىمان: ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى ئالدىن بىلىدىغانلىقى، يېزىپ قويغانلىقى ۋە ئۇنىڭ خالىشى بىلەن يارىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش. دەلىل: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تەقدىر بىلەن ياراتتۇق».

تەقدىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىلىش زۆرۈر بولغان تۆت باسقۇچ:

1. ئاللاھ تەئالانىڭ بىلىمى چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلىش؛ ئاللاھ تەئالا چەكسىز ۋەكامىل ئىلمى بىلەن تېخى يۈز بەرمىگەن، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىش- ھەرىكەت ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەزەلدىن تولۇق بىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق بايان قىلغان: ﴿إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْأَرْحَامِ ۖ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا ۖ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ ۚ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ «قىيامەتنىڭ ئىلمى پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت يالغۇز ئاللاھ بىلىدۇ)، ئۇ ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرىدۇ، رەھىمدىكى تۆرەلمىنى بىلىدۇ، جانلىقلار ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ۋە ھېچبىر جان نەدە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىلگۈچىدۇر ۋە خەۋەرداردۇر»[1].

چەكسىز بىلىدىغان ئاللاھ پۈتۈن نەرسىنىڭ تەقدىرىنى (كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان پۈتۈن ئەھۋالىنى) لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىۋەتكەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِندَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لَا يَعْلَمُهَا إِلَّا هُوَ ۚ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ ۚ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعْلَمُهَا وَلَا حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ الْأَرْضِ وَلَا رَطْبٍ وَلَا

[1] لوقمان سۈرىسى 34-ئايەت

يَابِسٍ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُّبِين﴾ «غەيبنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھ نىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ ئۇنى پەقەت ئۇ بىلىدۇ، ئۇ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى نەرسىلەرنى بىلىدۇ، دەرەختىن بىرەر ياپراق چۈشىدىغانلا بولسا ئۇنى بىلىدۇ ۋە قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دان، ھۆل ۋە قۇرۇق نەرسە بولسۇن ئۇ چوقۇم روشەن كىتابتا يېزىقلىقتۇر»[1].

ھەر قانداق بىر ئىش-ھەرىكەت ۋە نەرسە پەقەت ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿لِمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ أَنْ يَسْتَقِيمَ، وَمَاتَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ «سىلەردىن راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغان كىشى ئۈچۈن (ئۇ قۇرئان بىر ئەسلەتمىدۇر)، سىلەر پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن خالىيالايسىلەر (يەنى سىلەر خالاشنىڭ ئالدىدا ئاللاھ خالىغان بولىدۇ)»[2].

2. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ماددىسى، سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئاللاھ ياراتقان ۋە يارىتىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ﴾ «سىلەرنى ۋە قىلىدىغان ئىش-ھەرىكىتىڭلارنى ئاللاھ ياراتقان»[3].

## 16-سوئال: قۇرئان نېمە؟

جاۋاب: قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ مەخلۇق (يارىتىلغان نەرسە) ئەمەستۇر.

## 17-سوئال: سۈننەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزلىرى، ئەمەللىرى، تەستىقلىرى ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرىدۇر.

[1] ئەنئام سۈرىسى 59- ئايەت
[2] تەكۋىرسۈرىسى 28-29-ئايەتلەر
[3] سافقات سۈرىسى 96-ئايەت

18-سوئال: بىدئەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: دىندا ئەسلى يوق، كېيىنچە پەيدا قىلىنغان ئىبادەت شەكىللىرىدۇر. رەسۇلۇللاھ: «كُلُّ بِدْعَةٍ ضَلَالَةٌ» «بارلىق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر» دېگەن[1].

19-سوئال: دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك (ۋەلا ۋە بەرا) ئەقىدىسى نېمە؟

جاۋاب: مۆئمىنلەرنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن سۆيۈش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش؛ كاپىرلارنىڭ كۇفرىنى ئۆچ كۆرۈش ۋە ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشتۇر. دەلىل: ﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ﴾ «ئەر-ئايال مۆئمىنلەر بىر-بىرىنىڭ دوستىدۇر». دۈشمەنلىك، كافىرلارنى ۋە مۆئمىنلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارنى ئۆچ كۆرۈش (ئۇلادىن نەپرەتلىنىش).

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِيٓ إِبْرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذْ قَالُواْ لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ الله كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةُ وَٱلْبَغْضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤْمِنُواْ بِٱللَّهِ وَحْدَهُۥٓ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆئمىنلەردە سىلەر ئۈچۈن گۈزەل ئۈرنەك بار، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا كافىر قەۋمىگە: «بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلاردىن ئادا- جۇدامىز، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز ۋە سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ» دېدى»[2].

20-سوئال: ئاللاھ ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلامدۇ؟

جاۋاب: ياق، ئاللاھ پەقەت ئىسلامنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

[2] مۇمتەھىنە سۈرىسى 4-ئايەت

دەلىل: ﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ﴾ «كىمكى ئىسلامدىن باشقا دىننى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ»[1].

21-سوئال: كۇفرىلىق سۆز، ئەمەل ۋە ئېتىقاد بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ، بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈڭ؟

جاۋاب: سۆز ئارقىلىق كاپىر بولۇشنىڭ مىسالى: ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى تىللاش.

ئەمەل ئارقىلىق كاپىر بولۇشنىڭ مىسالى: قۇرئان كەرىمنى خارلاش ياكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە (بۇتلارغا، قەبرىلەرگە) سەجدە قىلىش.

ئېتىقاد ئارقىلىق كاپىر بولۇشنىڭ مىسالى: ئاللاھتىن باشقىمۇ ئىبادەت قىلىشقا لاياقەتلىك بىرەر نەرسە بار، ياكى ئاللاھقا ئوخشاش باشقا ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش.

## 22-سوئال: مۇناپىقلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب: چوڭ مۇناپىقلىق: بۇ كۇفرىلىقنى يوشۇرۇپ، يالغاندىن مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىشتۇر. بۇ كىشىنى دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇپۇرلۇقتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا﴾ «مۇناپىقلار ھەقىقەتەن دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولىدۇ، ئۇلارغا (قۇتقۇزىدىغان) بىرەر ياردەمچى تاپالمايسەن»[2].

كىچىك مۇناپىقلىق: يالغانچىلىق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلار. بۇلار گۇناھ ئەمەللەردۇر، ئەمما قىلغۇچى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

---

[1] ئال ئىمرانسۈرىسى، 85-ئايەت

[2] نىسا سۈرىسى، 145-ئايەت

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلَاثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ، وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ» «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ ۋە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[1].

### 23-سوئال: ئاخىرقى پەيغەمبەر كىم؟

جاۋاب: ئۇ مۇھەممەد ﷺ دۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَٰكِن رَّسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ﴾ «مۇھەممەد سىلەردىن بىرەر ئەر كىشىنىڭ دادىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر»[2].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أَنَا خَاتَمُ النَّبِيِّينَ لَا نَبِيَّ بَعْدِي» «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، مېنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ»[3].

### 24-سوئال: مۆجىزە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن، ئادەتتىن تاشقىرى (ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان) ئالاھىدە ئىشلاردۇر. مەسىلەن: مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاينىڭ يېرىلىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېڭىزنىڭ يېرىلىشى قاتارلىقلار.

### 25-سوئال: ساھابىلار كىملەر ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرەمدۇق؟

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[2] ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ غا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ۋە مۇسۇلمان ھالەتتە دۇنيادىن كەتكەن كىشىلەر ساھابىلاردۇر. ئۇلارنى ياخشى كۆرىمىز ۋە ئۇلارغا ئەگىشىمىز. ئۇلار پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئىنسانلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر. ئەڭ ئەۋزەللىرى:

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.

## 26-سوئال: مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى كىملەر؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇبارەك ئاياللىرىدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿النَّبِيُّ أَوْلَىٰ بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنفُسِهِمْ ۖ وَأَزْوَاجُهُ أُمَّهَاتُهُمْ﴾ «ئۇ پەيغەمبەر مۇئمىنلەرگە جانلىرىدىنمۇ ئەزىزدۇر، ئۇنىڭ ئاياللىرى بولسا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر»[1].

## 27-سوئال: «ئەھلى بەيت» دەپ ئاتالغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى نېمە؟

جاۋاب: ئۇلارنى دوست تۇتۇش، ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلغانلارنى ئۆچ كۆرۈش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر.

## 28-سوئال: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش بېشىدىكى مۇسۇلمان باشلىقلار ئالدىدا نېمە مەجبۇرىيىتى بار؟

جاۋاب: ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارغا قارشى ئىسيان قىلماسلىق، ئۇلار ھەققىدە ياخشى تىلەكلەردە بولۇش ۋە ئۇلارغا سەممىي نەسىھەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

## 29-سوئال: مۇئمىنلەرنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھى نېمە؟

جاۋاب: ئۇ جەننەتتۇر.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى، 6-ئايەت

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ».[1]

## 30-سوئال: كاپىرلارنىڭ قارارگاھى نېمە؟

جاۋاب: كاپىرلارنىڭ قارارگاھى دوزاختۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ «يېقىلغۇسى ئىنسانلار ۋە تاشلاردىن بولغان، كاپىرلارغا تەييارلانغان دوزاختىن قورقۇڭلار».[2]

## 31-سوئال: قورقۇش (خەۋپسىرەش) ۋە ئۈمىد قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ نېمە دەلىلى بار؟

جاۋاب: قورقۇش ـ ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن ئەيمىنىشتۇر. ئۈمىد قىلىش ـ ئاللاھنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى، مەغپىرىتىنى ۋە رەھمىتىنى تىلەشتۇر.

دەلىل: ﴿أُولَٰئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَىٰ رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ﴾ «ئۇلار رەببىگە يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە ئازابىدىن قورقىدۇ».[3]

﴿نَبِّئْ عِبَادِي أَنِّي أَنَا الْغَفُورُ الرَّحِيمُ * وَأَنَّ عَذَابِي هُوَ الْعَذَابُ الْأَلِيمُ﴾ «بەندىلىرىمگە خەۋەر بەرگىنكى، مەن بولسام ئەلۋەتتە مەغپىرەت

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى، 12-ئايەت

[2] بەقەرە سۈرىسى، 24-ئايەت

[3] ئىسرا سۈرىسى، 57-ئايەت

قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن. مېنىڭ ئازابىم بولسا ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر»[1].

32-سوئال: ئاللاھنىڭ بەزى ئىسىم-سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: اللَّهُ (ئاللاھ)، الرَّبُّ (رەب)، الرَّحْمَنُ (مېھرىبان)، السَّمِيعُ (ئاڭلىغۇچى)، البَصِيرُ (كۆرگۈچى)، العَلِيْمُ (بىلگۈچى)، الرَّزَّاقُ (رىزىق بەرگۈچى)، الحَيُّ (ھايات)، العَظِيمُ (ئۇلۇغ).

33-سوئال: بۇ ئىسىملارنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈڭ؟

جاۋاب: ئاللاھ: ھېچبىر شېرىكى يوق يالغۇز ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەقىقىي ئىلاھ.

رەب: ياراتقۇچى، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى.

مېھرىبان: مېھرى-شەپقىتى پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا ئومۇملاشقان زات.

ئاڭلىغۇچى: ئاشكارە ۋە مەخپىي ھەر قانداق ئاۋازنى چەكسىز ئاڭلىغۇچى.

كۆرگۈچى: چوڭ-كىچىك ھەر قانداق نەرسىنى تولۇق كۆرگۈچى.

بىلگۈچى: ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى نۇقسانسىز بىلگۈچى.

رىزىق بەرگۈچى: ئىنسان، جىن ۋە پۈتۈن جانلىقلارغا رىزىق بەرگۈچى.

ھايات: ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

ئۇلۇغ: ئىسىم-سۈپەتلىرىدە كامالەت ساھىبىدۇر.

34-سوئال: ئىسلام ئالىملىرى ئالدىدا نېمە مەجبۇرىيەتلىرىمىز بار؟

جاۋاب: ئۇلارنى سۆيىمىز، شەرئى مەسىلىلەرنى ئۇلاردىن سورايمىز، ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن ئەسلەيمىز. ئالىملار ھەققىدە ناچار گەپ قىلىشتىن ساقلىنىمىز. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ

[1] ھىجىر سۈرىسى، 49-50-ئايەتلەر

آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ) «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1].

35-سوئال: ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى (دوستلىرى) كىملەردۇر؟

جاۋاب: ئۇلار تەقۋادار مۆئمىنلەردۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ* الَّذِينَ آمَنُوا وَكَانُوا يَتَّقُونَ﴾ «بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە قايغۇ بولمايدۇ؛ ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادار بولغان كىشىلەردۇر»[2].

36-سوئال: ئىمان پەقەت سۆز ۋە ئەمەلمۇ؟

جاۋاب: ئىمان ــ تىل بىلەن سۆزلەش، ئەزالار بىلەن ئەمەل قىلىش ۋە قەلب بىلەن ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

37-سوئال: ئىمان كۆپىيىپ-ئازلامدۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، ئىمان تائەت-ئىبادەت بىلەن كۆپىيىدۇ ۋە گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ئازلايدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا﴾ «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئىمانى زىيادە بولىدۇ»[3].

38-سوئال: ئېھسان نېمە؟

جاۋاب: ئېھسان ــ ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر، چۈنكى سىز ئاللاھنى كۆرمىسىڭىزمۇ، ئۇ سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

39-سوئال: ئەمەللەر قاچان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل بولىدۇ؟

---

[1] مۇجادىلە سۈرىسى، 11-ئايەت

[2] يۇنۇس سۈرىسى،62 -63-ئايەتلەر

[3] ئەنفال سۈرىسى،2 -ئايەت

جاۋاب: ئىككى شەرت بىلەن قوبۇل بولىدۇ:

* خالىس ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلەپ قىلىنغان بولۇش (ئىخلاس).
* رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن ئادا قىلىنغان بولۇش.

40-سوئال: ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: مەنپەئەتكە يېتىش ۋە زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېرەكلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾ «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر»[1].

41-سوئال: ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ پرىنسىپلىرى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھقا ئىتائەت بولىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە ئاسىيلىق بولىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن توسۇشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ «سىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولدۇڭلار، چۈنكى سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسۇيسىلەر»[2].

42-سوئال: ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

جاۋاب: ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، بىدئەتتىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن «ئەھلى سۈننە»، ھەقىقەت ئۈستىدە بىرلىككە كېلىپ بۆلۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن «جامائەت» دەپ ئاتالغان.

[1] تالاق سۈرىسى، 3-ئايەت
[2] ئالئىمران سۈرىسى، 110-ئايەت

# ئىككىنچى قىسىم: فىقھى (ئىبادەت) بۆلۈمى

1-سوئال: تاھارەتنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: تاھارەت دېگەن: (يۇيۇش ياكى تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق) تاھارەتسىزلىكنى يوقىتىش ۋە نىجاسەتنى تازىلاشتۇر.

نىجاسەتتىن پاكلىنىش ـ مۇسۇلمان كىشىنىڭ بەدىنىگە ياكى كىيىمىگە تەگكەن نىجاسەتنى (مەينەتچىلىكنى) يوقىتىشىدۇر.

تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش ـ پاك سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسلى قىلىش؛ سۇ تېپىلمىسا ياكى سۇ ئىشلىتىش ئۆزرۈلۈك (زىيانلىق) بولسا تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

2-سوئال: نىجاسەت تېگىپ قالغان بولسا قانداق پاكلىنىدۇ؟

جاۋاب: نىجاسەت تېگىپ قالغان ئورۇن پاكىز بولغۇچە سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئەمما ئىت يالاپ قويغان قاچا بولسا، بىر قېتىم تۇپراق بىلەن، جەمئىي يەتتە قېتىم يۇيۇلىدۇ.

3-سوئال: تاھارەتنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: تاھارەت ئېلىش گۇناھلاردىن پاكلايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

«إِذَا تَوَضَّأَ الْعَبْدُ الْمُسْلِمُ، أَوِ الْمُؤْمِنُ، فَغَسَلَ وَجْهَهُ خَرَجَ مِنْ وَجْهِهِ كُلُّ خَطِيئَةٍ نَظَرَ إِلَيْهَا بِعَيْنَيْهِ مَعَ الْمَاءِ، أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ، فَإِذَا غَسَلَ يَدَيْهِ خَرَجَ مِنْ يَدَيْهِ كُلُّ خَطِيئَةٍ كَانَ بَطَشَتْهَا يَدَاهُ مَعَ الْمَاءِ أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ، فَإِذَا غَسَلَ رِجْلَيْهِ خَرَجَتْ كُلُّ خَطِيئَةٍ مَشَتْهَا رِجْلَاهُ مَعَ الْمَاءِ أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ حَتَّى يَخْرُجَ نَقِيًّا مِنَ الذُّنُوبِ.»

«مەنىسى: مۇسۇلمان ياكى مۇئمىن بىر بەندە تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇغاندا، ئىككى كۆزى بىلەن قاراپ سالغان بارلىق خاتالىقلىرى سۇ

بىلەن ياكى سۈننەتتىكى ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۈزىدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ قولىنى يۇغاندا، قولى بىلەن تۇتۇپ قىلغان گۇناھلىرى سۇ بىلەن ياكى سۈننەتتىكى ئاخىرقى تامچىسى بىلەن قولىدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ ئىككى پۇتىنى يۇغاندا، پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان گۇناھلىرى سۇ بىلەن ياكى سۈننەتتىكى ئاخىرقى تامچىسى بىلەن پۇتىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇ كىشى گۇناھلىرىدىن پاك-پاكىز بولۇپ چىقىدۇ»[1].

## 4-سوئال: تاھارەتنى قانداق ئالىسىز؟

جاۋاب:

1) ئىككى قولنى (بىغىشى بىلەن قوشۇپ) ئۈچ قېتىم يۇيىمەن.

2) ئېغىزىمغا ۋە بۇرنۇمغا ئۈچ قېتىمدىن سۇ ئېلىپ چىقىرىمەن.

3) ئاندىن يۈزۈمنى ئۈچ قېتىم يۇيىمەن.

4) ئاندىن ئىككى قولۇمنى جەينىكىم بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىمەن (ئوڭدىن باشلاپ).

5) ئاندىن ھۆل قولۇم بىلەن بېشىمغا مەسھە تارتىمەن ۋە بارمىقىم بىلەن ئىككى قۇلىقىمنىڭ ئىچى-تېشىنى سىلايمەن.

6) ئاندىن ھوشۇقىم بىلەن قوشۇپ ئىككى پۇتۇمنى يۇيىمەن (ئوڭدىن باشلاپ).

مانا بۇ مۇكەممەل تاھارەتتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەزىدە ئەزالىرىنى بىرقېتىمدىن ياكى ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

## 5-سوئال: تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قايسىلار؟

جاۋاپ: تاھارەتنىڭ پەرىزلىرى يەتتە، بۇلاردىن بىرسى كەم بولسا تاھارەت توغرا بولمايدۇ.

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى

* نىيەت. تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىپ ئېلىش.
* يۈزنى يۇيۇش (ئېغىز ۋە بۇرۇننى يۇيۇشمۇ يۈز يۇيۇشنىڭ ئىچىدە).
* ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.
* باشقا مەسىھ قىلىش (ئىككى قۇلاقنى سىلاشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).
* ئىككى پۇتنى ھوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.
* تەرتىپ بىلەن ئېلىش: يەنى ئالدى بىلەن يۈزنى، ئاندىن ئىككى قولنى، ئاندىن بېشىنى، ئاخىرىدا پۇتنى يۇيۇش.
* ئۇلاپ ئېلىش (مۇۋاﻻت): يەنى تاھارەت ئەزالىرى قۇرۇپ كەتكۈچە كېچىكتۈرمەي، ئارقا-ئارقىدىن يۇيۇش.

## 6-سوئال: تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى قانچە ۋە قايسىلار؟

جاۋاب: تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرىنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ، قىلمىسا تاھارەت توغرا بولۇۋېرىدۇ:

* «بِسمِ اللَّهِ» (بىسمىللاھ) دېيىش.
* مىسۋاك ئىشلىتىش.
* (ئەڭ بېشىدا) ئىككى قولنى يۇيۇش.
* بارماقلارنىڭ ئارىلىقىغا سۇ يەتكۈزۈش (تەخلىل).
* ئەزالارنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم يۇيۇش.
* ئوڭ تەرەپتىن باشلاش.
* تاھارەت ئاخىرلاشقاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش: «أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَاشَرِيكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنْ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ»
* تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت (سۈننەت) ناماز ئوقۇش.

## 7-سوئال: تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب:

1) ئالدى ياكى كەينى تەرەپتىن يەل، سۈيدۈك ياكى چوڭ تەرەتنىڭ چىقىشى.

2) ئۆخلاپ قېلىش، ئەقلىنى يوقىتىش ياكى ھوشسىز بولۇپ قېلىش.

3) تۆگە گۆشى يېيىش.

4) ئەۋرەتنى (ئالدى ياكى كەينىنى) يالىڭاچ قول بىلەن سىلاش.

8-سوئال: تەيەممۇم دېگەن نېمە؟

جاۋاب: سۇ يوق بولسا ياكى سۇ ئىشلىتىش ئۆزرۈرلۈك (زىيانلىق) بولغاندا، پاكتۇپراق ياكى باشقا زېمىن ماددىسىنى سۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ پاكلىنىش تەيەممۇمدۇر.

9-سوئال: تەيەممۇمنى قانداق قىلىسىز؟

جاۋاب: ئىككى ئالقىنىنى يەرگە بىر قېتىم ئۇرۇپ، ئاندىن يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنىڭ دۈمبىسىنى بىر قېتىمدىن سىلايدۇ.

10-سوئال: تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) تاھارەتنى بۇزىدىغان بارلىق ئامىللار تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ.

2) سۇ تېپىلسا ياكى سۇ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلسا تەيەممۇم بۇزىلىدۇ.

11-سوئال: ئۆتۈك ۋە پايپاق نېمە؟ ئۇلارغا مەسھ قىلىنامدۇ؟

جاۋاب: ئۆتۈك – پۇتقا كىيىلىدىغان قونچۇلۇق تېرە ئاياغدۇر؛ پايپاق بولسا تېرە بولمىغان نەرسىلەردۇر. پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلسا بولىدۇ.

12-سوئال: ئۆتۈككە مەسھ قىلىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: بەندىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشتۇر. بولۇپمۇ قىش، سوغۇق كۈنلەردە ۋە سەپەرلەردە پۈتنى يۇيۇش مۇشەققەت بولغاندا، ئىسلام دىنى بىزگە مۇشۇنداق ئاسانلىقنى بەرگەن.

13-سوئال: ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنىڭ شەرتلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) ئۆتۈك ياكى پايپاقنى تاھارەتلىك ھالدا كىيگەن بولۇش.

2) ئۆتۈك پاك بولۇشى لازىم (نىجاسەت تەككەن ئۆتۈككە مەسىھ قىلىنمايدۇ).

3) ئۆتۈك پۈتنىڭ يۇيۇشقا تېگىشلىك جايلىرىنى (ھوشۇقنى) تولۇق ياپىدىغان بولۇشى لازىم.

4) بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە بولۇشى كېرەك: مۇقىم كىشىگە بىر كېچە-كۈندۈز، مۇساپىرغا ئۈچ كېچە-كۈندۈز.

14-سوئال: ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ھۆل قىلىنغان قول بارماقلىرىنى ئېچىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ پۈتنىڭ، سول قولى بىلەن سول پۈتنىڭ ئۈچىدىن يۇقىرىغا (پۈتنىڭ پاقالچىقىغا قاراپ) بىر قېتىم سىلايدۇ ۋە تەكرارلىمايدۇ.

15-سوئال: ئۆتۈككە قىلىنغان مەسىھنى نېمە بۇزىدۇ؟

جاۋاب: مەسىھ قىلىش مۇددىتىنىڭ توشۇپ قېلىشى مەسىھنى بۇزىدۇ. مۇددەت توشقاندىن كېيىن تاھارەت بۇزۇلىدۇ ۋە مەسىھ قىلىشقا بولمايدۇ، پۈتنى يۇيۇپ قايتا تاھارەت ئېلىش كېرەك.

16-سوئال: ناماز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ناماز – مەخسۇس بەلگىلەنگەن سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئاللاھقا قىلىنىدىغان ئىبادەت بولۇپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» تەكبىرى بىلەن باشلىنىپ، سالام بېرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

### 17-سوئال: ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ناماز ئوقۇش ھەممە مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَّوْقُوتًا﴾ «ناماز ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى»[1].

### 18-سوئال: ناماز ئوقۇماسلىقنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ناماز ئوقۇماسلىق كۇفرىلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«الْعَهْدُ الَّذِي بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمُ الصَّلَاةُ، فَمَنْ تَرَكَهَا فَقَدْ كَفَرَ» «بىز بىلەن ئۇلارنىڭ (كاپىرلارنىڭ) ئارىسىدىكى پەرق نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ»[2].

### 19-سوئال: مۇسۇلمانغا بىر كېچە-كۈندۈزدە قانچە ۋاقىت ناماز پەرزدۇر؟ ھەر بىر ناماز قانچە رەكئەت؟

جاۋاب: بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز پەرزدۇر:

* بامدات: ئىككى رەكئەت پەرز.
* پېشىن: تۆت رەكئەت پەرز.
* ئەسىر: تۆت رەكئەت پەرز.
* شام: ئۈچ رەكئەت پەرز.
* خۇپتەن: تۆت رەكئەت پەرز.

### 20-سوئال: نامازنىڭ شەرتلىرىنى ساناڭ؟

جاۋاب: نامازنىڭ شەرتلىرى توققۇز بولۇپ، ئۇلار تېپىلمىسا ناماز توغرا بولمايدۇ:

* مۇسۇلمان بولۇش (كاپىردىن ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ).

---

[1] نىسا سۈرىسى، 103-ئايەت

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

* ئەقىللىق بولۇش (ساراڭغا ناماز يوق).
* بالاغەتكە يېتىش (بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ناماز پەرز ئەمەس، ئەمما كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتۇلىدۇ).
* نىيەت قىلىش (قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى قەلبىدە بىلىش).
* ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى.
* تاھارەتلىك بولۇش.
* نىجاسەتتىن پاك بولۇش (بەدىنى، كىيىمى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورنى پاك بولۇش).
* ئەۋرەتنى يېپىش.
* قىبلىگە (كەبىگە) يۈزلىنىش.

## 21-سوئال: نامازنىڭ ئاساسلىرى (ئەركانلىرى) قانچە؟

جاۋاب: نامازنىڭ ئاساسلىرى ئون تۆت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى كەم بولسا نامازتوغرا بولمايدۇ:

* كۈچى يەتكەن كىشىنىڭ پەرز نامازدا ئۆرە تۇرۇشى.
* نامازنى باشلاش تەكبىرى (تەھرىمە).
* فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش.
* رۇكۇ قىلىش (باشنى گەۋدىگە تۈز تۇتۇپ ئېگىلىش).
* رۇكۇدىن قوپۇش.
* رۇكۇدىن قوپقاندىن كېيىن تۈز تۇرۇش.
* سەجدە قىلىش (يەتتە ئەزا يەرگە تېگىش لازىم: پېشانە ۋە بۇرۇن، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز، ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرى).
* سەجدىدىن قوپۇش.
* ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا ئولتۇرۇش.
* تەمكىنلىك (نامازنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدە ئالدىرىماي، ئەزالار جايىغا چۈشۈپ سۈكۈنات تاپقۇچە تۇرۇش).

* ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش.
* ئاخىرقى تەشەھھۇدنى ئوقۇش.
* ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش (ئوڭدىن باشلاپ).
* نامازنىڭ ئاساسلىرىنى تەرتىپ بىلەن ئىجرا قىلىش (مەسىلەن: رۇكۇدىن بۇرۇن سەجدە قىلماسلىق).

## 22-سوئال: نامازنىڭ پەرزلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: نامازنىڭ پەرزلىرى سەككىز بولۇپ، ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ تەرك ئەتسە ناماز بۇزۇلىدۇ، ئۇنتۇپ قالسا «سەجدە سەھۋى» قىلىش بىلەن ناماز تولۇقلىنىدۇ:

* باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەر.
* ئىمام ياكى يەككە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ رۇكۇدىن قوپقاندا «سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» (سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ) دېيىشى.
* «رَبَّنَا وَلكَ الحَمْدُ» (رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ) دېيىش.
* رۇكۇدا بىر قېتىم «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ» (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم) دېيىش.
* سەجدىدە بىر قېتىم «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى» (سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا) دېيىش.
* ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا «رَبِّ اغْفِرْ لِي» (رەببىغفىرلى) دېيىش.
* بىرىنچى تەشەھھۇدتا (ئىككىنچى رەكئەتتە) ئولتۇرۇش.
* بىرىنچى تەشەھھۇدنى ئوقۇش.

## 23-سوئال: نامازنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: نامازنىڭ سۈننەتلىرى (قىلسا ساۋاب، قىلمىسا گۇناھ ئەمەس) نۇرغۇن بولۇپ، مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

* باشلاش تەكبىرىدىن كېيىن «سۇبھانەكەللاھۇممە»نى ئوقۇش.

* «ئەئۇزۇ»نى ئوقۇش.
* «بىسمىللاھ»نى ئوقۇش.
* فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن» دېيىش.
* فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئوقۇش.
* ئىمامنىڭ قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشى (بامدات، شام، خۇپتەن ۋە جۈمەنامازلىرىدا).
* رۇكۇ ۋە سەجدە تەسبىھلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئېيتىش.
* ئاخىرقى تەشەھھۇدتا «ئەللاھۇممە سەللى...» ۋە «ئەللاھۇممە بارىك...»سالاۋاتلىرىنى ۋە باشقا دۇئالارنى ئوقۇش.
* تەكبىرلەردە ئىككى قولنى مۈرىسى باراۋىرىدە كۆتۈرۈش.
* ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆكسىدە (ياكى كىندىك ئۈستىدە) تۇتۇش.
* سەجدە قىلىدىغان يەرگە قاراپ تۇرۇش.

## 24-سوئال: نامازنى بۇزىدىغان ئامىللارنى ساناڭ؟

جاۋاب:

1) نامازنىڭ بىرەر شەرتىنى ياكى ئاساسىنى (رۇكنىنى) تەرك ئېتىش.
2) قەستەن سۆزلىشىش.
3) نامازدا بىر نەرسە يېيىش ياكى ئىچىش.
4) ئارقا-ئارقىدىن ئۇشۇقچە، بىهۇدە ھەرىكەتلەرنى قىلىش.
5) قەستەن كۈلۈش.
6) تاھارەتنىڭ بۇزۇلۇشى.

## 25-سوئال: مۇسۇلمان قانداق ناماز ئوقۇيدۇ؟ (نامازنىڭ تولۇق سۈپىتى)

جاۋاب:

1) پۈتۈن بەدىنى بىلەن قىبلىگە يۈزلىنىدۇ.

2) ئوقۇماقچى بولغان نامازغا قەلبىدە نىيەت قىلىدۇ.

3) «اللَّهُ أَكْبَرُ» دەپ باشلاش تەكبىرىنى ئېيتىدۇ ۋە ئىككى قولىنى مۈرىسى باراۋىرىدە كۆتۈرىدۇ.

4) ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ مەيدىسىدە تۇتىدۇ ۋە سانا دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ: «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، وَتَبَارَكَ اسْمُكَ، وَتَعَالَى جَدُّكَ، وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ ».

5) «أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ»، «بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ» دەپ فاتىھەسۈرىسىنى ئوقۇيدۇ، ئاخىرىدا «ئامىن» دەيدۇ. ئاندىن بىرەر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ.

6) «اللَّهُ أَكْبَرُ» دەپ رۇكۇ قىلىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ» دەيدۇ.

7) رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ «سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» دەيدۇ، تۈز تۇرۇپ «رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ» دەيدۇ.

8) «اللَّهُ أَكْبَرُ» دەپ سەجدىگە بارىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم «سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى» دەيدۇ.

9) «اللَّهُ أَكْبَرُ» دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىرئاز ئولتۇرىدۇ ۋە «رَبِّ اغْفِرْ لِي» دەيدۇ، ئاندىن تەكرار ئىككىنچى سەجدىنى قىلىدۇ.

10) قالغان رەكئەتلەرنىمۇ شۇ تەرتىپتە ئوقۇپ، ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇد، سالاۋات ۋە «ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇ بىكە مىن ئەزابى جەھەننەم...» دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ.

11) ئاخىرىدا ئوڭ ۋە سول تەرەپكە «السَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللَّهِ» دەپ سالام بېرىپ نامازنى تاماملايدۇ.

## 26-سوئال: نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن قايسى زىكىرلەر ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: ئۈچ قېتىم «أَسْتَغْفِرُ اللَّهَ» دېگەندىن كېيىن، «اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ» دېيىلىدۇ. ئاندىن «لَا إله إلَا الله...» زىكىرلىرى، 33 قېتىمدىن «سۇبھانالللاھ»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئېيتىلىدۇ. ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى ئوقۇلىدۇ ۋە ئايەتەل كۇرسى بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ.

## 27-سوئال: تەرتىپتىكى سۈننەت (راۋاتىب) نامازلار قايسىلار ۋە نېمە پەزىلىتى بار؟

جاۋاب: بىر كېچە-كۈندۈزدە 12رەكەت تەرتىپلىك سۈننەت بار: بامداتتىن بۇرۇن ئىككى، پېشىندىن بۇرۇن تۆت، پېشىندىن كېيىن ئىككى، شامدىن كېيىن ئىككى، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت.

پەزىلىتى: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىر كېچە-كۈندۈزدە 12رەكەت نەفلە ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ»[1] دېگەن.

## 28-سوئال: ھەپتىنىڭ كۈنلىرىدىن قايسى كۈن ئەۋزەل؟

جاۋاب: جۈمە كۈنىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جۈمە كۈنىدۇر، ئۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان ۋە ۋاپات قىلىنغان...شۇڭا ئۇ كۈندە ماڭا كۆپ سالاۋات ئېيتىڭلار»[2] دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

## 29-سوئال: جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: جۈمە نامىزىنى ئوقۇش بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ساغلام پۈتۈن مۇسۇلمان ئەر كىشىلەرگە پەرز ئەيىندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَىٰ ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ﴾ «ئەي ئىمان ئېيتقانلار! جۈمە كۈنى نامازغا چاقىرىلغاندا، ئاللاھنىڭ زىكرىگە (نامازغا) ئالدىراڭلار ۋە سودا-سېتىقنى تەرك ئېتىڭلار»[1].

30-سوئال: جۈمە نامىزى قانچە رەكەت؟

جاۋاب: جۈمە نامىزى ئىككى رەكەت بولۇپ، ئىمام قىرائەتنى ئاۋازلىق ئوقۇيدۇ، نامازدىن بۇرۇن ئىككى خۇتبە سۆزلەيدۇ.

31-سوئال: جۈمە نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولامدۇ؟

جاۋاب: جۈمە نامىزىنى سەۋەبسىز تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەل قاراپ ئۈچ جۈمەنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ قەلبىنى ئاللاھ مۆھۈرلىۋېتىدۇ»[2] دېگەن.

32-سوئال: جۈمە كۈنىنىڭ سۈننەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب:

1) غۇسلى قىلىش.

2) خۇشپۇراق ئىشلىتىش.

3) چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش.

4) مەسجىدكە بالدۇر بېرىش.

5) پەيغەمبەر ﷺ گە كۆپ سالاۋات ئېيتىش.

6) سۈرە كەھفنى ئوقۇش.

7) پىيادە مېڭىپ بېرىش.

33-سوئال: جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

---

[1] جۈمە سۈرىسى، 9-ئايەت

[2] سۈنەن ئىگىلىرى رىۋايىتى

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «صَلَاةُ الْجَمَاعَةِ أَفْضَلُ مِنْ صَلَاةِ الْفَذِّ بِسَبْعٍ وَعِشْرِينَ دَرَجَةً» «جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 ھەسسە ئەۋزەلدۇر»[1].

34-سوئال: نامازدىكى «خۇشۇ» دېگەن نېمە؟

جاۋاب: پۈتۈن ئەزالار قەلبكە مەركەزلەشكەن ھالدا، قەلبنىڭ دۇنيالىق ئىشلاردىن ئۈزۈلۈپ، پەقەت ئاللاھقىلا باغلىنىشى ۋە ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇشى «خۇشۇ» دېيىلىدۇ.

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ * الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن نىجات تاپتى، ئۇلار نامازلىرىدا خۇشۇ قىلغۇچىلاردۇر»[2].

35-سوئال: زاكاتنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: زاكات ـ بايلارنىڭ مېلىدىن مەلۇم مىقداردا، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك پەرز ھەقتۇر.

﴿...وَ آتُوا الزَّكَاةَ...﴾ «زاكاتنى بېرىڭلار»[3].

36-سوئال: مۇستەھەپ سەدىقە دېگەن نېمە؟

قىلىنىدىغان ئىختىيارىي ياردەملەردۇر. قىلسا كۆپ ئەجىر بولىدۇ، قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ.

37-سوئال: روزىنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: نىيەت بىلەن تاڭ يورىغاندىن كۈن ئولتۇرغىچە روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن نەپسىنى ساقلاش ئارقىلىق ئاللاھقا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى، 1-2-ئايەتلەر
[3] بەقەرە سۈرىسى، 43-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

* پەرز روزا: رامىزان روزىسى. ﴿...كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ...﴾ «سىلەرگە روزا پەرز قىلىندى»[1].

* نەفلە روزا: دۈشەنبە، پەيشەنبە ۋە ئايدىكى كېچىلەردىكى روزىلارغا ئوخشاش.

38-سوئال: رامىزان روزىسىنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مَنْ صَامَ رَمَضَانَ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» «ئىمان بىلەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ رامىزان روزىسىنى تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ»[2] دېگەن.

39-سوئال: نەفلە روزىنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مَنْ صَامَ يَوْمًا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بَعَّدَ اللَّهُ وَجْهَهُ عَنِ النَّارِ سَبْعِينَ خَرِيفًا» «ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتقان كىشىنى ئاللاھ دوزاختىن يەتمىش يىللىق مۇساپە ئۇزاق قىلىدۇ»[3] دېگەن.

40-سوئال: روزىنى بۇزىدىغان بەزى ئامىللارنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب:

1) قەستەن يېيىش ۋە ئىچىش.

2) قەستەن قۇسۇش.

3) دىندىن چىقىپ كېتىش (مۇرتەد بولۇش).

41-سوئال: روزىنىڭ سۈننەتلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) ئىپتارغا ئالدىراش.

2) سۇھۇرلۇق يېيىش ۋە ئۇنى ئاخىرقى ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈش.

---

1 بەقەرە سۈرىسى، 183-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

2 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

3 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

3) ئىبادەتنى كۆپ قىلىش.
4) بىرسى تىللىسا «مەن روزىدار» دېيىش.
5) ئىپتاردا دۇئا قىلىش.
6) خورما ياكى سۇ بىلەن ئىپتار قىلىش.

42-سوئال: ھەجنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مەلۇم ئەمەللەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئىبادىتىدۇر. ﴿...وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا...﴾ «يول تاپالىغان كىشىلەرگە ئاللاھ ئۈچۈن بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش پەرزدۇر»[1].

43-سوئال: ھەجنىڭ ئاساسلىرى قايسىلار؟

جاۋاب:
1) ئېھرام كىيىش.
2) ئەرەفاتتا تۇرۇش.
3) تاۋاپ قىلىش (زىيارەت تاۋاپى).
4) سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش (سەئيى).

44-سوئال: ھەجنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مَنْ حَجَّ لِلَّهِ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ» «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلىپ، يامان سۆز ۋە پىسقى-فۇجۇر قىلمىغان بولسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھسىز قايتىدۇ»[2] دېگەن.

45-سوئال: ئۆمرە ھەججى دېگەن نېمە؟

---
[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 97-ئايەت
[2] بۇخارى رىۋايىتى

جاۋاب: ئىبادەت نىيىتى بىلەن يىلنىڭ خالىغان ۋاقتىدا بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، بەلگىلەنگەن ئەمەللەرنى ئادا قىلىشتۇر.

46-سوئال: ئۆمرىنىڭ ئاساسلىرى قايسىلار؟

جاۋاب:

1) ئېھرام كىيىش.

2) بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش.

3) سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەيىر قىلىش.

47-سوئال: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىسلامنى تارقىتىش، مۇسۇلمانلارنى قوغداش ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مال ۋە جېنى بىلەن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتۇر. ﴿انفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَ أَنفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ...﴾ «ئېغىر-يېنىك بولسىمۇ ئاتلىنىڭلار ۋە مېلىڭلار، جېنىڭلار بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار»[1].

---

[1] تەۋبە سۈرىسى، 41-ئايەت

# ئۈچىنچى قىسىم: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەرجىمىھالى

1-سوئال: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ نەسەبى نېمە؟

جاۋاب: مۇھەممەد ئابدۇللاھنىڭ، ئۇ ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ، ئۇ ھاشىمنىڭ ئوغلى. ھاشىم جەمەتى ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەرەبلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر.

2-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە بىنتى ۋەھبدۇر.

3-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دادىسى قاچان ۋاپات بولغان؟

جاۋاب: ئۇ، پەيغەمبەر ﷺ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

4-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ قاچان تۇغۇلغان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ پىل يىلى باھار ئېيىنىڭ بىر دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلغان (بۇ مىلادى 571-يىلىغا توغرا كېلىدۇ).

5-سوئال: قايسى شەھەردە تۇغۇلغان؟

جاۋاب: مەككىدە تۇغۇلغان.

6-سوئال: ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىدىن باشقا سۈت ئانىسى ۋە تەربىيە ئانىلىرى كىملەر؟

جاۋاب: دادىسىنىڭ ئازادگەردىسى ئۇممۇ ئەيمەن، تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ ئازادگەردىسى سۇۋەيبە ۋە بەنى سەئد قەبىلىسىدىن ھەلىمە سەئدىيەلەر ئۇنىڭ سۈت ئانىلىرى ۋە تەربىيەلىگەن ئانىلىرىدۇر.

7-سوئال: ئانىسى قاچان ۋاپات بولغان؟

جاۋاب: ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ۋاپات بولغان ۋە ئۇنى بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ باققان.

8-سوئال: بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنى كىم كاپالەتكە ئالغان؟

جاۋاب: ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ۋاپات بولغان ۋە ئۇنى تاغىسى ئەبۇ تالىب كېپىللىككە ئېلىپ باققان.

9-سوئال: ئۇ تاغىسى بىلەن شامغا قاچان سەپەر قىلغان؟

جاۋاب: ئۇ 12 يېشىدا تاغىسى بىلەن بىللە شامغا سەپەر قىلغان.

10-سوئال: ئىككىنچى سەپىرى قاچان بولغان؟

جاۋاب: ئىككىنچى سەپىردە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مېلى بىلەن تىجارەتكە بارغان ۋە قايتىپ كەلگەندە خەدىچە ئانىمىزغا ئۆيلەنگەن. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ 25 ياشتا ئىدى.

11-سوئال: قۇرەيشلەر كەبىنى قاچان قايتا بىنا قىلدى؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ 35 ياش ۋاقتىدا قۇرەيشلەر كەبىنى قايتا بىنا قىلغان. ئۇلار ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇشتا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقان. ئۇ زات ھەجەرۇل ئەسۋەدنى بىر رەختنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، تۆت قەبىلىنىڭ ھەر بىرىنى بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈشكە بۇيرۇغان، ئورنىغا بارغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۆز قولى بىلەن جايىغا قويغان.

12-سوئال: ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندە قانچە ياشتا ئىدى ۋە كىملەرگە ئەۋەتىلگەن؟

جاۋاب: ئۇ 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن.

13-سوئال: ۋەھيى باشلىنىشتا نېمە بىلەن باشلانغان؟

جاۋاب: ۋەھيى راست چۈش بىلەن باشلانغان بولۇپ، تاڭ نۇرىدەك ئېنىق ۋە ئوچۇق چۈشلەرنى كۆرەتتى.

14-سوئال: ۋەھيىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ بىرىنچى قېتىم ۋەھيى قاچان نازىل بولغان؟

جاۋاب: ئۇ ھىرا غارىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. غاردا ئىبادەت قىلىۋاتقان شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا تۇنجى ۋەھيى نازىل بولغان.

15-سوئال: ئۇنىڭغا نازىل بولغان قۇرئاننىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: دەسلەپتە ئەلەق سۈرىسىدىكى مۇنۇ بەش ئايەت نازىل بولغان:

﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ﴿٥﴾﴾ « 1. ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. 2. ئۇ ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن ياراتتى . 3. ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر . 4. ئۇ قەلەم بىلەن ئۆگەتتى . 5. ئىنسانغا بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈردى.»

16-سوئال: ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەسلەپتە ئىمان ئېيتقانلار كىملە ر ؟

جاۋاب: ئەرلەردىن ـ ئەبۇبەكرى؛ ئاياللاردىن ـ خەدىچە بىنت خۇۋەيلىد؛ باللاردىن ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب؛ ئازاد قىلىنغانلاردىن ـ زەيد بىن ھارىسە؛ قۇللاردىن ـ بىلال ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ۋە باشقىلار.

17-سوئال: دەسلەپتە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش قانداق بولغان؟

جاۋاب: 3 يىل جەريانىدا مەخپىي دەۋەت قىلىنغان، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.

18-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

جاۋاب: مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ غا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئەزىيىتى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەرگە ھەبەشىستاندىكى نەجاشىنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈشكە تىل بىرىكتۈرگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تەئالا ئۇنى قوغدىدى ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىب ئارقىلىق ئۇنى ھىمايە قىلدۇردى.

19-سوئال: پەيغەمبەرلىكنىڭ 10-يىلى كىملەر ۋاپات بولدى؟

جاۋاب: تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋە ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولدى.

20-سوئال: ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەسى قاچان بولغان؟

جاۋاب: ئۇ 50 ياش ۋاقتىدا بولغان ۋە ئۇنىڭغا مىراجدا بەش ۋاقىت ناماز پەرز قىلىنغان.

ئىسرا ـ مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىد ئەقساغا كېچىدە سەپەر قىلىش.

مىراج ـ مەسجىد ئەقسادىن ئاسمانغا، سىدرەتۇل مۇنتەھاغا چىقىش سەپىرى.

21-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككە سىرتىدا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشى قانداق بولغان؟

جاۋاب: ئۇ تائىپ خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. شۇنداقلا مەدىنىلىك ئەنسارىلار ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە بەيئەت قىلغۇچە، ئۇ ھەج مەۋسۇملىرىدە ۋە ئىنسانلار توپلىنىدىغان يەرلەردە دەۋەت ئېلىپ باراتتى.

22-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ مەككىدە قانچىلىك تۇرۇپ دەۋەت قىلدى؟

جاۋاب: 13 يىل تۇردى.

23-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ قەيەرگە ھىجرەت قىلدى؟

جاۋاب: مەككىدىن مەدىنەگە ھىجرەت قىلدى.

24-سوئال: مەدىنىدە قانچىلىك تۇردى؟

جاۋاب: 10 يىل تۇردى.

25-سوئال: مەدىنىدە ئىسلام شەرىئىتىدىن قايسىلار پەرز قىلىندى؟

جاۋاب: زاكات، روزا، ھەج، جىھاد، ئەزان ۋە باشقىلار پەرز قىلىندى.

26-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەڭ مۇھىم غازاتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: چوڭ بەدرى غازىتى، ئۇھۇد غازىتى ، ئەھزاب غازىتى ۋە مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتى.

27-سوئال: قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايىتى قايسى؟

جاۋاب: ئۇ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 281-ئايىتىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَ اتَّقُوا يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾

«تەرجىمىسى: سىلەر ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇلىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار ،ئۇ كۈندە ھەر بىر جاننىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.»

28-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ قاچان ۋاپات بولغان ۋە قانچە ياشتا ئىدى ؟

جاۋاب: ھىجرەتنىڭ 11-يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا، 63 يېشىدا ۋاپات بولغان.

29-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ئاياللىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟

جاۋاب: خەدىچە، ئائىشە، ئۇممۇ سەلىمە ۋە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلار.

## 30-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەۋلادلىرى كىملەر؟

جاۋاب: ئۈچ ئوغۇل: قاسىم (پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭ بىلەن كۇنىيەلەنگەن)، ئابدۇللاھ، ئىبراھىم.

تۆت قىز: فاتىمە، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم.

ئىبراھىمدىن باشقا بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خەدىچە ئانىمىزدىن تۇغۇلغان. فاتىمەدىن باشقا ھەممىسى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتىدىن 6 ئاي كېيىن ۋاپات بولغان.

## 31-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يارىتىلىشىدىكى بەزى سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ بەك ئېگىز ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئىدى؛ قىزىلغا مايىل ئاق يۈزلۈك، قويۇق ساقاللىق، كۆزلىرى چوڭ، ئاغزى چوڭراق ،چاچلىرى تۇم قارا، ئىككى مۈرىسى كەڭ ۋە خۇشپۇراق ئىدى. ئۇ يارىتىلىشىدا ئەڭ چىرايلىق قەددى-قامەتلىك زات ئىدى.

## 32-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ ئۇممىتىنى نېمىنىڭ ئۈستىدە قالدۇرۇپ كەتتى؟

جاۋاب: ئۇ ئۇممىتىنى كېچىسىمۇ خۇددى كۈندۈزىدەك يوپ-يورۇق تۇغرا يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن پەقەت ھالاك بولغۇچىلارلا ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۇممىتىگە پۈتۈن ياخشىلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن ئاگاھلاندۇردى .

# تۆتىنچى قىسىم: تەپسىر بۆلۈمى

## 1-سوئال: فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇلۇك ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: فاتىھە سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بۇ سۈرە بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرە «فاتىھە» (باشلىنىش، ئاچقۇچ) دەپ ئاتالغان.

1) ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾: چەكسىز مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىش بىلەن بەرىكەت ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرئان ئوقۇشنى باشلايمەن. [ئاللاھ] – «ھەقىقىي مەبۇد» دېمەكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى بۇ ئۇلۇغ ئىسىم بىلەن ئاتالمايدۇ .

[الرَّحْمَنِ] – رەھمىتى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

[الرَّحِيمِ] – مۆئمىنلەرگە خاس شەپقەت قىلغۇچىدۇر.

2) ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾: بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ۋە كامالەت سۈپەتلەر پەقەت ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

3) ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾: ئۇ چەكسىز مېھرىبان بولۇپ، پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىغا مۇھتاجدۇر؛ ئۇ شەپقەتلىكتۇر، يەنى مېھىر-شەپقىتى مۆئمىنلەرگە ھەر ۋاقىت يېتىپ تۇرىدۇ.

4) ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾: ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ (جازا كۈنىنىڭ) بىردىنبىر ئىگىسىدۇر، ئۇ كۈندە يالغۇز ئاللاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

5) ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَ إِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾: (ئەي ئاللاھ!) يالغۇز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە يالغۇز سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.

6) ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ﴾: بىزنى توغرا يولغا، يەنى ئىسلامغا ۋە سۈننەتكە ھىدايەت قىلغىن.

7) ﴿صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ...﴾: بىزنى ئۆزۈڭنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە يولدىن ئازغان ناسارالارنىڭ يولىغا ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن سالىھ بەندىلىرىڭنىڭ يولىغا باشلىغىن. (ئامىن – دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن.)

2-سوئال: زەلزەلە سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: زەلزەلە سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا﴾: زېمىن قىيامەت بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىترەپ ھەرىكەتلەنگەندە؛

2) ﴿وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ أَثْقَالَهَا﴾: زېمىن قوينىدىكى ئۆلۈكلەرنى ۋە خەزىنىلەرنى سىرتقا چىقارغاندا؛

3) ﴿وَقَالَ الْإِنسَانُ مَا لَهَا﴾: ئىنسان ھەيران بولۇپ: «زېمىنغا نېمە بولدى؟ (نېمىشقا بۇنداق تىترەيدۇ؟)» دېگەندە؛

4) ﴿يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا﴾: ئاشۇ دەھشەتلىك كۈندە، زېمىن ئۆز ئۈستىدە قىلىنغان بارلىق ياخشى-يامان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ؛

5) ﴿بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَىٰ لَهَا﴾: چۈنكى رەببىڭ ئاللاھ زېمىنغا شۇنداق قىلىشنى بىلدۈرگەن ۋە بۇيرۇغان بولىدۇ؛

6) ﴿يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ﴾: شۇ كۈنى ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ ئايرىلىدۇ؛

7) ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ﴾: كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ؛

8) ﴿وَ مَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾: كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ.

3-سوئال: ئادىيات سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: ئادىيات سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا﴾: نەپەسلىرى كېسىلىپ قاتتىق يۈگۈرىدىغان (جىھادتىكى) ئاتلار بىلەن قەسەم؛

2) ﴿فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا﴾: تېز يۈگۈرگەنلىكىدىن تۇياقلىرى تاشقا تېگىپ ئوت چاقنىتىدىغان ئاتلار بىلەن قەسەم؛

3) ﴿فَالْمُغِيرَاتِ صُبْحًا﴾: تاڭ سەھەردە تۇيۇقسىز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئاتلار بىلەن قەسەم؛

4) ﴿فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا﴾: (يۈگۈرۈك ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن) چاڭ-توزانلار كۆتۈرۈلگەن ھالەت بىلەن قەسەم؛

5) ﴿فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعًا﴾: دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆسۈپ كىرىپ ،ئۇلارنى پارچىلاپ تاشلىغان ئاتلار بىلەن قەسەمكى:

6) ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ لِرَبِّهِ لَكَنُودٌ﴾: ئىنسان رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە ھەقىقەتەن ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ (ياخشىلىقنى ئىنكار قىلىدۇ)؛

7) ﴿وَإِنَّهُ عَلَىٰ ذَٰلِكَ لَشَهِيدٌ﴾: ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ناشۈكۈرلۈكىگە (ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن) ئەلۋەتتە شاھىتتۇر؛

8) ﴿وَإِنَّهُ لِحُبِّ الْخَيْرِ لَشَدِيدٌ﴾: ئۇ مال-دۇنياغا ئىنتايىن ھېرىسمەندۇر (شۇڭا بېخىللىق قىلىدۇ)؛

9) ﴿أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِي الْقُبُورِ﴾: ئۇ ئىنسان بىلمەمدۇكى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر ھېساب ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلگەندە؛

10) ﴿وَحُصِّلَ مَا فِي الصُّدُورِ﴾: يۈرەكلەردىكى يوشۇرۇن نىيەت ۋە ئېتىقادلار ئاشكارىلانغاندا (ئەھۋال ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدۇ)؛

11) ﴿ إِنَّ رَبَّهُم بِهِمْ يَوْمَئِذٍ لَّخَبِيرٌ﴾: ئۇ كۈندە رەببى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئەلۋەتتە خەۋەرداردۇر، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىشى يوشۇرۇن قالمايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

## 4-سوئال: قارىئە سۈرىسىنى ئوقۇۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: قارىئە سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿الْقَارِعَةُ﴾: دەھشەتلىك بولغانلىقتىن يۈرەكلەرنى چۆچۈتۈۋەتكۈچى سائەت؛

2) ﴿مَا الْقَارِعَةُ﴾: ئۇ يۈرەكلەرنى چۆچۈتۈۋەتكۈچى سائەت نېمەدۇر؟

3) ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْقَارِعَةُ﴾: (ئەي پەيغەمبەر!) ئۇ يۈرەكلەرنى چۆچۈتۈۋەتكۈچى سائەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ساڭا كىم بىلدۈردى؟ ئۇ قىيامەتتۇر؛

4) ﴿يَوْمَ يَكُونُ النَّاسُ كَالْفَرَاشِ الْمَبْثُوثِ﴾: ئۇ كۈنى ئىنسانلار قورقۇنچتىن ئۇيان-بۇيان ئۇچۇپ يۈرگەن پەرۋانىلەردەك بولۇپ قالىدۇ؛

5) ﴿وَتَكُونُ الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ الْمَنفُوشِ﴾: تاغلار تورزۇپ كەتكەن توزغاقتەك بولۇپ قالىدۇ؛

6) ﴿فَأَمَّا مَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ﴾: كىمكى تارازا-مىزاندا ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلسە؛

7) ﴿فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ﴾: ئۇ كىشى (جەننەتتە) كۆڭۈللۈك، باياشات تۇرمۇشتا بولىدۇ؛

8) ﴿وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ﴾: كىمكى تارازا-مىزاندا ياخشىلىقى يەڭگىل بولسا (يەنى يامانلىقى كۆپ بولسا)؛

9) ﴿فَأُمُّهُ هَاوِيَةٌ﴾: ئۇنىڭ جايى «هاۋىيە» (دوزاخنىڭ چوڭقۇر يېرى) دۇر؛

10) ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا هِيَهْ﴾: ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ساڭا كىم بىلدۈردى؟

11) ﴿نَارٌ حَامِيَةٌ﴾: ئۇ ئىنتايىن قىزىق ئوتتۇر.

5-سوئال: تەكاسۇر سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: تەكاسۇر سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿أَلْهَاكُمُ التَّكَاثُرُ﴾: (ئەي كىشىلەر!) مال-دۇنيا ۋە ئەۋلادلار بىلەن پەخىرلىنىش سىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن غەپلەتتە قالدۇردى؛

2) ﴿حَتَّىٰ زُرْتُمُ الْمَقَابِرَ﴾: ھەتتا ئۆلۈپ قەبرىگە كىردىڭلار؛

3) ﴿كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ﴾: ياق، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى! سىلەر (بۇ مەشغۇللۇقنىڭ ئاقىۋىتىنى) يېقىندا بىلىسىلەر؛

4) ﴿ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ﴾: ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولماسلىق كېرەك ئىدى! سىلەر ئۇنى چوقۇم يېقىندا بىلىسىلەر؛

5) ﴿كَلَّا لَوْ تَعْلَمُونَ عِلْمَ الْيَقِينِ﴾: ياق، ئەگەر سىلەر (ئاخىرەتنىڭ ھەقلىقىنى) كەسكىن بىلىم بىلەن بىلگەن بولساڭلار، دۇنيا بىلەن پەخىرلىنىپ ئىبادەتتىن قالمايتتىڭلار؛

6) ﴿لَتَرَوُنَّ الْجَحِيمَ﴾: (ئى كاپىرلار!) سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر؛

7) ﴿ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيْنَ الْيَقِينِ﴾: ئاندىن ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن شەكسىز كۆرىسىلەر؛

8) ﴿ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ﴾: ئاندىن شۇ كۈنى سىلەرگە بېرىلگەن سالامەتلىك، بايلىق ۋە باشقا پۈتۈن نېمەتلەردىن چوقۇم سورىلىسىلەر.

6-سوئال: ئەسر سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: ئەسر سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿وَالْعَصْرِ﴾: زامان (ۋاقىت) بىلەن قەسەم؛

2) ﴿إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾: پۈتۈن ئىنسانلار ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدىدۇر؛

3) ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾: لېكىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىنى ھەققە (توغرا يولغا) چاقىرغان ۋە بىر-بىرىگە سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر).

7-سوئال: ھۇمەزە سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: ھۇمەزە سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ﴾: كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىدىغان غەيۋەتخورلارغا ۋە يۈزىگە تەنە قىلىدىغان تەنەخورلارغا ۋاي (قاتتىق ئازاب) بولسۇن!

2) ﴿الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُ﴾: ئۇ مال توپلاپ، ئۇنى ساناپ يۈرۈشتىن باشقا غېمى يوق كىشىدۇر؛

3) ﴿يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ﴾: ئۇ توپلىغان مېلى ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ، بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

4) ﴿كَلَّا لَيُنبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ﴾: ياق، ئۇ چوقۇم «ھۇتەمە»گە (تاشلانغان نەرسىلەرنى چاناپ، ئۇۋاقلاپ تاشلايدىغان دوزاخقا) تاشلىنىدۇ؛

5) ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْحُطَمَةُ﴾: ئۇ «ھۇتەمە»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ساڭا كىم بىلدۈردى؟

6) ﴿نَارُ اللَّهِ الْمُوقَدَةُ﴾: ئۇ ئاللاھنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتىدۇركى؛

7) ﴿الَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى الْأَفْئِدَةِ﴾: ئۇ بەدەنلەردىن ئۆتۈپ، يۈرەكلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ؛

8) ﴿إِنَّهَا عَلَيْهِم مُّؤْصَدَةٌ﴾: ئۇ دوزاخ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تاقاقلىقتۇر؛

9) ﴿فِي عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍ﴾: ئۇلار ئۇنىڭدىن چىقالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن تۈۋرۈكلەر بىلەن ئېتىۋېتىلگەن.

8-سوئال: فىل سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: فىل سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ﴾: (ئەي پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى (كەبىنى ئۆرۈمەكچى بولغان ئەبرەھە قوشۇنىنى) قانداق قىلغۇەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ (بىلمىدىڭمۇ)؟

2) ﴿أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ﴾: ئاللاھ ئۇلارنىڭ ناچار پىلانىنى بەربات قىلىۋەتمىدىمۇ؟ (ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى)؛

3) ﴿وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ﴾: ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى؛

4) ﴿تَرْمِيهِم بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ﴾: ئۇ قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئاتتى؛

5) ﴿فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍ﴾: شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ھايۋانلار يەپ چەينەپ تاشلىغان ساماندەك قىلىۋەتتى.

## 9-سوئال: قۇرەيش سۈرىسىنى ئوقۇلۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: قۇرەيش سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿لِإِيلَافِ قُرَيْشٍ﴾: قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ (بىر-بىرى بىلەن دوستانە ئۆتۈشى ۋە ئامان-ئېسەنلىكى ئۈچۈن؛

2) ﴿إِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ﴾: ئۇلارنىڭ قىشتا (يەمەنگە) ۋە يازدا (شامغا) قىلىدىغان تىجارەت سەپەرلىرىگە ئادەتلىنىپ، قوغدالغانلىقى ئۈچۈن؛

3) ﴿فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَٰذَا الْبَيْتِ﴾: ئۇلار مۇشۇ ئۆلۈغ كەبىنىڭ رەببىگە (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلسۇن؛

4) ﴿الَّذِي أَطْعَمَهُم مِّن جُوعٍ وَآمَنَهُم مِّنْ خَوْفٍ﴾: چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ تائام بەردى ۋە قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلدى.

## 10-سوئال: مائۇن سۈرىسىنى ئوقۇلۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: مائۇن سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ﴾: (ئەي پەيغەمبەر!) قىيامەتنى (ئاخىرەتتىكى جازا ۋە مۇكاپاتنى) ئىنكار قىلىدىغان كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟

2) ﴿فَذَٰلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ﴾: مانا شۇ كىشى يېتىمنى قوپاللىق بىلەن ھەيدەيدۇ؛

3) ﴿وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾: پېقىرلارغا تائام بېرىشكە قىزىقتۇرمايدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ تەرغىب قىلمايدۇ؛

4) ﴿فَوَيْلٌ لِلْمُصَلِّينَ﴾: مۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋاي (ئازاب) بولسۇنكى؛

5) ﴿الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾: ئۇلار نامازلىرىغا سەل قارايدۇ (ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ياكى نامازغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ)؛

6) ﴿الَّذِينَ هُمْ يُرَاءُونَ﴾: ئۇلار (ناماز ۋە ياخشى ئەمەللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن) رىيا قىلىدۇ؛

7) ﴿وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ﴾: تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولغان كىچىك ياردەملەرنى (قوشنىلارغا ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى) بېرىشتىنمۇ بېخىللىق قىلىدۇ.

## 11-سوئال: كەۋسەر سۈرىسىنى ئوقۇۋۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: كەۋسەر سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ﴾: (ئەي پەيغەمبەر!) بىز ساڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى ۋە جەننەتتىكى ھەۋزى كەۋسەرنى بەردۇق؛

2) ﴿فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾: شۇڭا سەن رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن ؛

3) ﴿إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ﴾: ساڭا ئۆچمەنلىك قىلىپ، سېنى ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن نام-نىشانسىز قالغۇچىدۇر (ئۇ بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇمدۇر).

## 12-سوئال: كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇۋۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: كافىرۇن سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ﴾: دېگىنكى: «ئەي كاپىرلار!»

2) ﴿لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ﴾: مەن سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلارغا ئىبادەت قىلمايمەن؛

3) ﴿وَلَا أَنتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ﴾: سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىدىغان يەككە ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى ئەمەسسىلەر؛

4) ﴿وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَّا عَبَدتُّمْ﴾: مەن سىلەرنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلارغا ھەرگىز چوقۇنمايمەن؛

5) ﴿وَلَا أَنتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ﴾: سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى ئەمەسسىلەر؛

6) ﴿لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ﴾: سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر.

13-سوئال: نەسىر سۈرىسىنى ئوقۇۋۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: نەسىر سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ﴾: ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كېلىپ، مەككە پەتھى قىلىنغان چاغدا؛

2) ﴿وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا﴾: ئىنسانلارنىڭ توپ-توپ بولۇپ ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئىسلامغا) كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە؛

3) ﴿فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ ۚ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾: رەببىڭگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ تەسبىھ ئېيت ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلە. ئۇ ھەقىقەتەن تەۋبىلەرنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

14-سوئال: مەسەد سۈرىسىنى ئوقۇۋۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: مەسەد سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ﴾: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇسۇن (ھالاك بولسۇن) ، ئۇ ئۆزىمۇ ھالاك بولدى؛

2) ﴿مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ﴾: مېلى ۋە تاپقانلىرى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى؛

3) ﴿سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ﴾: ئۇ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ؛

4) ﴿وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ﴾: ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇيدىغان (يولغا تىكەن چېچىپ پەيغەمبەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان) خوتۇنىمۇ دوزاخقا كىرىدۇ؛

5) ﴿فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ﴾: ئۇنىڭ بوينىدا ئوتتىن توقۇلغان ئارغامچا بولىدۇ.

## 15-سوئال: ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: ئىخلاس سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾: دېگىنكى: «ئاللاھ بىر، يېگانىدۇر؛

2) ﴿اللَّهُ الصَّمَدُ﴾: ئاللاھ بىھاجەتتۇر (پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۇنىڭغا مۇھتاجدۇر، ئۇ ھېچكىمگە مۇھتاج ئەمەس)؛

3) ﴿لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ﴾: ئۇ بالا تاپمىدى ۋە تۇغۇلمىدى (ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى پەرزەنتى يوق)؛

4) ﴿وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾: ئۇنىڭغا ھېچبىر تەڭداش يوق.»

## 16-سوئال: فەلەق سۈرىسىنى ئوقۇڭ ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: فەلەق سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ﴾: دېگىنكى: «تاڭنىڭ رەببىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن؛

2) ﴿مِن شَرِّ مَا خَلَقَ﴾: ئاللاھ ياراتقان يامان مەخلۇقلارنىڭ شەررىدىن؛

3) ﴿وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ﴾: قاراڭغۇلۇق كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن؛

4) ﴿وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ﴾: تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن؛

5) ﴿وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾: ھەسەت قىلغان چاغدىكى ھەسەتخورنىڭ شەررىدىن.»

17-سوئال: ناس سۈرىسىنى ئوقۇق ۋە ئۇنى تەپسىر قىلىڭ؟

جاۋاب: ناس سۈرىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى:

1) ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ﴾: دېگىنكى: «ئىنسانلارنىڭ رەببىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن؛

2) ﴿مَلِكِ النَّاسِ﴾: ئىنسانلارنىڭ ئىگىسى (پادىشاھى) بىلەن؛

3) ﴿إِلَٰهِ النَّاسِ﴾: ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى بىلەن؛

4) ﴿مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ﴾: (ئاللاھ ياد ئېتىلسە) قاچىدىغان، ۋەسۋەسە قىلغۇچى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن؛

5) ﴿الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ﴾: ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سالىدۇ؛

6) ﴿مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ﴾: ئۇ ۋەسۋەسە قىلغۇچىلار جىنلاردىنمۇ ۋە ئىنسانلاردىنمۇ بولىدۇ.»

# بەشىنچى قىسىم: ھەدىس بۆلۈمى

## 1-ھەدىس: نىيەت ھەققىدە

سوئال: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ...» (ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر)... دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئەبۇ ھەفسە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«إِنَّمَا الأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ، وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أَوِ امْرَأَةٍ يَنْكِحُهَا فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ»

تەرجىمىسى: «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەر بىر كىشى پەقەت نىمىنى نىيەت قىلغان بولسا، شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. كىمنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. كىمنىڭ ھىجرىتى ئېرىشىدىغان بىر دۇنيالىق ياكى ئۆيلىنىۋالىدىغان بىر ئايال ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىمە ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا شۇنىڭغا بولىدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* ناماز، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئەمەللەرنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

* نىيەت قىلغاندا چوقۇم خالىس ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## 2-ھەدىس: بىدئەت ھەققىدە

سوئال: «مَنْ أحْدَثَ فِي أمْرِنَا هَذَا...» (بىزنىڭ بۇ دىن ئىشىمىزدا يېڭىلىق پەيدا قىلغان كىشى...) دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە ئۇنىڭ بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مَنْ أحْدَثَ فِي أمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ مِنْهُ فَهُوَ رَدٌّ» «كىمكى بىزنىڭ بۇ دىن ئىشىمىزدا ئۇنىڭدا بولمىغان بىر يېڭىلىقنى (بىدئەتنى) پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[1]

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* دىندا بىدئەت پەيدا قىلىشتىن قاتتىق چەكلەيدۇ.
* دىندا يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان (ئەسلى يوق) ئىبادەت شەكىللىرىنىڭ قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## 3-ھەدىس: دىن ھەققىدە

سوئال: «نَحْنُ جُلُوسٌ عِنْدَ رَسُولِ اللَّهِ ﷺ يَوْمًا...» «بىز بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتۇق...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بۇ ھەدىسنىڭ بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«بىز بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتۇق، قېشىمىزغا توساتتىن كىيىملىرى ئاپئاق، چاچلىرى قاپقارا بىر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدا سەپەرنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، شۇنداقلا بىزدىن بىرىمىزمۇ ئۇنى تونۇمايتتۇق. ئۇ كېلىپ تىزىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تىزىغا تەككۈزۈپ، قولىنى يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇردى ۋە:

— ئەي مۇھەممەد! ماڭا ئىسلامدىن خەۋەر بەر،— دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئىسلام — ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي مەبۇد يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى ئادا قىلىشىڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزاندا روزا تۇتۇشۇڭ ۋە يول تاپالىساڭ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشىڭدۇر —، دېدى. ئۇ كىشى:

— راست ئېيتتىڭ،— دېدى. بىز ئۇنىڭ ھەم سوراپ، ھەم تەستىقلىغانلىقىدىن ھەيران قالدۇق. ئۇ يەنە:

— ماڭا ئىماندىن خەۋەر بەر،— دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئىمان — ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشىڭ ۋە ياخشى-يامان تەقدىرنىڭ ئاللاھتىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر —، دېدى. ئۇ كىشى:

— راست ئېيتتىڭ، ماڭا ئېھساننى سۆزلەپ بەر،— دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئېھسان — ئاللاھقا گويا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، چۈنكى سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ،— دېدى. ئۇ كىشى يەنە قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ،— دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئالامەتلىرىدىن: — دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى

تۇغىدىغانلىقىنى (ئەۋلادلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قوپاللىق قىلىشىنى)، يالاڭئاياق، يالاڭتۆش پادىچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارنى سېلىشتا بەسلىشىدىغانلىقىنى كۆرىسەن،ـ دېدى. ئۇ كىشى كەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ـ ئەي ئۆمەر! بۇ سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ـ دېدى. مەن:

ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلىدۇ،ـ دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

ـ ئۇ جىبرىئىلدۇر، سىلەرگە دىنىڭلارنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلدى ـ، دېدى». (مۇسلىم رىۋايىتى.)

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى (گۇۋاھلىق، ناماز، زاكات، روزا، ھەج) بايان قىلىنغان.

* ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى (ئاللاھ، پەرىشتە، كىتاب، پەيغەمبەر، ئاخىرەت كۈنى ۋە تەقدىر) بايان قىلىنغان.

* ئېھساننىڭ ماھىيىتى ـ ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

* قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## 4-ھەدىس: ئەخلاق ھەققىدە

سوئال: «أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا...» (مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى مۇكەممەل بولغىنى...) دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا»

«مۆئمىنلەر ئىچىدە ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ـ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا تەرغىب قىلىندۇ.
* ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى كامىل ئىماننىڭ ئەڭ چوڭ نامايەندىسىدۇر.
* ئىماننىڭ ئەمەللەر بىلەن زىيادە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 5-ھەدىس: قەسەم ھەققىدە

سوئال: «مَنْ حَلَفَ بِغَيْرِ اللَّهِ...» (ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلغان كىشى...) دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«مَنْ حَلَفَ بِغَيْرِ اللهِ فَقَدْ كَفَرَ أَوْ أَشْرَكَ»

«كىمكى ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇچوقۇم كاپىر بولىدۇ ياكى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[2].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* قەسەم پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

[2] تىرمىزى رىۋايىتى

* ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش «كىچىك شېرىك» ھېسابلىنىدۇ.

## 6-ھەدىس: پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە

سوئال: «لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ...» «سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا مەن ئەڭ سۆيۈملۈك بولمىغىچە ئۇ مۆئمىن بولمايدۇ...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىسىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«لاَ يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِنْ وَالِدِهِ وَوَلَدِهِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ»

«سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا مەن ئۆز دادىسىدىن، بالىسىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە، ئۇ كىشى (كامىل) مۆئمىن بولالمايدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* رەسۇلۇللاھ ﷺ غا بولغان مۇھەببەتنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا بولغان مۇھەببەتتىن ئۈستۈن بولۇشى شەرت.

* پەيغەمبەر ﷺ نى ھەممىدىن بەك سۆيۈش ئىماننىڭ كامىللىقىنىڭ ئاساسىدۇر.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

## 7-ھەدىس: ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرۈش ھەققىدە

سوئال: «لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيهِ...» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆئمىن بولمايدۇ...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىسىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«لاَ يُؤْمِنُ أحَدُكُمْ حَتَّ يُحِبَّ لأخَيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ»

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە، ئۇ كىشى (كامىل) مۆئمىن بولالمايدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* مۆئمىن ئۆزى ئۈچۈن خالىغان ياخشىلىقنى باشقا مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ خالىشى لازىم.
* بۇ خىل سەممىيەت كامىل ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر.

## 8-ھەدىس: ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

سوئال: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ...» «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە ئۇنىڭ بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

«وَالذِّي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنَّهَا لَتَعْدِلُ ثُلُثَ القُرْآنِ»

« جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (ئاللاھ) بىلەن قەسەمكى، ئۇ (ئىخلاس سۈرىسى) ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ ئۈچتە بىرىگە تەڭ كېلىدۇ».[1]

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

* بۇ سۈرىنىڭ قىممەت جەھەتتە قۇرئاننىڭ ئۈچتە بىرىگە باراۋەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

## 9-ھەدىس: جەننەتتىكى بىر خەزىنە ھەققىدە

سوئال: «لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ...» «كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ كَنْزٌ مِنْ كُنُوزِ الجَنَّةِ» «لا حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ كەلىمىسى جەننەت خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنىدۇر».[2]

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* بۇ كەلىمىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ۋەسىلە بولىدىغان ئۇلۇغ زىكىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

* بەندە ئۆز كۈچ-قۇدرىتىگە ئارتۇق ئىشەنمەسلىكى، كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ يالغۇز ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى بىلىشى تەكىتلەنگەن.

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## 10-ھەدىس: قەلب ھەققىدە

سوئال: «أَلَا إِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً...» (بىلىڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار...) دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە ئۇنىڭ بەزى پايدىسىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

« أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً، إِذَا صَلَحَتْ صَلُحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، وَإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ »

« ئاگاھ بولۇڭلار! بەدەندە بىر پارچە گۆش بار بولۇپ، ئەگەر ئۇ دۇرۇس (ساق) بولسا، پۈتۈن بەدەن دۇرۇس بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ بولسىمۇ يۈرەكتۇر»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* يۈرەك تۈزەلسە ئىنسانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسى، بارلىق ئەمەللىرى تۈزىلىدۇ.
* يۈرەكنى پاك تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 11-ھەدىس: تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

سوئال: «مَنْ كَانَ آخِرُ كَلَامِهِ مِنَ الدُّنْيَا...»«بۇ دۇنيادىن كېتىشتە ئاخىرقى سۆزى «لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ» بولغان كىشى...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

جاۋاب: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«مَنْ كَانَ آخِرُ كَلاَمِهِ لاَ إِلهَ إِلاَّ اللّٰهُ دَخَلَ الجَنَّةَ»

« كىمنىڭ ئاخىرقى سۆزى «لاَ إِلهَ إِلاَّ اللَّهُ» بولىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ كاتتا پەزىلىتى بايان قىلىنىغان.
* ھاياتنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەلىمىنى ئېيتىپ كېتىش جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

## 12-ھەدىس: قوپال ۋە سەت گەپ قىلغۇچى ھەققىدە

سوئال: «لَيْسَ الْمُؤْمِنُ بِالطَّعَّانِ وَلَا اللَّعَّانِ...» «مۇئمىن ھېچقاچان تەنەخور ۋە لەنەتخور ئەمەس...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«لَيْسَ المُؤْمِنُ بِالطَّعَّانِ وَلاَ اللَّعَّانِ وَلاَ الفَاحِشِ وَلاَ البَذِيءِ»

« مۇئمىن كىشى كىشىلەرگە تەنە قىلغۇچى، لەنەت ئوقۇغۇچى، ئاغزى بۇزۇق (ھەددىدىن ئاشقان) ۋە رەسۋا سۆزلەرنى قىلغۇچى ئەمەستۇر»[2].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
[2] تىرمىزى رىۋايىتى

* هەر قانداق قەبىھ ۋە قوپال سۆزلەردىن، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە تېگىشتىن چەكلەيدۇ.
* تىلنى پاك تۇتۇش مۇئمىننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سۈپىتىدۇر.

## 13-ھەدىس: پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىش ھەققىدە

سوئال: «مِنْ حُسْنِ إِسْلاَمِ الْمَرْءِ...» «بىر كىشىنىڭ ئىسلامىنىڭ گۈزەل بولغىنى...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«مِنْ حُسْنِ إِسْلاَمِ الْمُرْءِ تَرْكُهُ مَا لاَ يَعْنِيهِ»

« كىشىنىڭ ئىسلامىنىڭ گۈزەل بولغانلىقى ـ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئالاقىسى بولمىغان بىھۇدە ئىشلارنى تەرك ئېتىشىدۇر»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن پايدىسىز بولغان بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلەردىن يىراق بولۇش كېرەك.
* كىشى پايدىسىز ئىشلارنى تاشلىغاندا، ئۇنىڭ دىندارلىقى مۇكەممەللىشىدۇ.

## 14-ھەدىس: قۇرئان ئوقۇشنىڭ ساۋابى ھەققىدە

سوئال: «مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللَّهِ...» «كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا...» دېگەن ھەدىسنى تولۇقلاڭ ۋە بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

جاۋاب: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللَّهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ، وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا، لاَ أَقُولُ: (الم) حَرْفٌ، وَلَكِنْ أَلِفٌ حَرْفٌ، وَلاَمٌ حَرْفٌ، وَمِيمٌ حَرْفٌ»

«كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق (ساۋاب) يېزىلىدۇ. ھەر بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ. مەن «ئەلىف، لام، مىم» نى بىر ھەرپ دېمەيمەن، بەلكى «ئەلىف» بىر ھەرپ، «لام» بىرھەرپ، «مىم» بىر ھەرپتۇر»[1].

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

* قۇرئان كەرىم ئوقۇشنىڭ چەكسىز ساۋابى ۋە پەزىلىتى بايان قىلىنغان.
* ئاللاھ تەئالانىڭ بىرەر ھەرپ ئوقۇغۇچىغىمۇ كاتتا ئەجىر بېرىدىغان سېخى زات ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

# ئالتىنچى قىسىم: ئىسلامىي ئەدەپ-قائىدىلەر بۆلۈمى

## ئاللاھ تەئالا ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش

سوئال: ئاللاھ ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب:

1) ئاللاھنى بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئۇلۇغلاش.

2) شېرىكى يوق يەككە-يىگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش.

3) ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش.

4) ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىق.

5) ئاللاھنىڭ بەرگەن پەزلى-رەھمىتىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش.

6) ئاللاھ بېكىتكەن تەقدىرگە سەۋر قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولىدىغان ئەدەپ-قائىدىلەر

سوئال: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولىدىغان ئەدەپ قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب:

1) ئۇ زاتنى يولباشچى قىلىپ، سۈننىتىگە ئەگىشىش.

2) ئۇ زاتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش.

3) ئۇ زاتقا ئاسىيلىق قىلماسلىق.

4) ئۇ زات يەتكۈزگەن خەۋەرلەرنى تەستىقلاش ۋە قەتئىي ئىشىنىش.

5) ئۇ زاتنىڭ سۈننىتىگە قوشۇمچە قىلىپ، دىندا بىدئەت پەيدا قىلماسلىق.

6) ئۇ زاتنى ئۆز جېنىدىنمۇ ۋە ھەممە نەرسىدىن بەك سۆيۈش.

7) ئۇ زاتنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ياردەم بېرىش.

## ئاتا-ئانا بىلەن بولىدىغان ئەدەپ-قائىدىلەر

سوئال: ئاتا-ئانا بىلەن بولىدىغان ئەدەپ-قائىدىلەر قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب:

1) گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئاتا-ئانىغا بويسۇنۇش.

2) ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئۇلارغا يار-يۆلەك بولۇش.

3) ئاتا-ئانىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش.

4) ئۇلارغا دائىم ياخشى دۇئالارنى قىلىش.

5) ئۇلارغا سۆز قىلغاندىمۇ ئەدەپ بىلەن سۆزلەش؛ ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ئۇھ» دېمەسلىك.

6) ئۇلارغا قاپاق تۈرمەستىن، دائىم تەبەسسۇم بىلەن قاراش.

7) ئاۋازىنى ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك، سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، سۆزىنى كەسمەسلىك.

8) ئۇلارنى ئىسمى بىلەن چاقىرماي، «دادا»، «ئانا» دەپ چاقىرىش.

9) ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىشتە رۇخسەت سوراش.

10) ئاتا-ئانىنىڭ قوللىرىنى ۋە باشلىرىنى سۆيۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش.

## سىلە-رەھىم (تۇغقانچىلىق) قىلىشتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر

سوئال: سىلە-رەھىم قانداق قىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

1) ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل، تاغا-ھامما ۋە پۈتۈن ئۇرۇق-تۇققانلارنى زىيارەت قىلىش .

2) سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئۇلارغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىش ۋە ياردەم بېرىش.
3) ھەر ۋاقىت ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ بولسىمۇ ھال-ئەھۋال سوراش.

## ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قېرىنداش بولۇشنىڭ ئەدەپلىرى

سوئال: قېرىنداشلىرىم ۋە دوستلىرىم بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولىمەن؟

جاۋاب:

1) ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولىمەن ۋە ئۇلارنى ئاللاھ ئۈچۈن سۆيىمەن.
2) يامان كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولۇشتىن ئۇزاق تۇرىمەن.
3) قېرىنداشلىرىمغا سالام بېرىمەن ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمەن.
4) ئاغرىپ قالسا يوقلايمەن ۋە ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.
5) چۈشكۈرسە جاۋاب بېرىمەن؛ يەنى ئۇ «الْحَمْدُ لِلَّهِ» (ئەلھەمدۇلىللاھ) دېسە، مەن «يَرْحَمُكَ اللَّهُ» (يەرھەمۇكەللاھ) دەيمەن.
6) زىياپەتكە چاقىرسا بارىمەن، سىرىنى ساقلايمەن ۋە سەمىمىي نەسىھەت قىلىمەن.
7) زۇلۇمغا ئۇچرىسا ياردەم بېرىمەن، زۇلۇم قىلىشىدىن توسىمەن.
8) ئۆزۈم ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىم ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىمەن.
9) ئۇنى تىللىمايمەن، غەيۋىتىنى قىلمايمەن، ھەسەت قىلمايمەن ۋە ئالدىمايمەن.

## قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى

سوئال: قوشنىدارچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) قوشنامغا سۆز ۋە ھەرىكەتتە گۈزەل مۇئامىلە قىلىمەن، ئېھتىياجى چۈشسە ياردەم بېرىمەن.

2) ھېيت-بايرام ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە تەبرىكلەيمەن، مۇسىبەت يەتسە تەسەللى بېرىمەن.

3) تاماق ئەتسەم، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭغىمۇ بېرىمەن.

4) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنى بىئارام قىلمايمەن، شەخسىيىتىگە جاسۇسلۇق قىلمايمەن ۋە ئۇنىڭغا سەۋرچان بولىمەن.

## مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرى

سوئال: مېھماندارچىلىق ۋە مېھمان كۈتۈش ئەدەپلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) بىرەرسى زىيارەتكە ياكى زىياپەتكە چاقىرسا بارىمەن.

2) بىرەرسىنى زىيارەت قىلماقچى بولسام، ئالدىن رۇخسەت سورايمەن ۋە ۋاقىت بەلگىلەيمەن.

3) كىرىشتىن ئىلگىرى ئىشىكنى چېكىپ رۇخسەت سورايمەن ۋە كېچىكىپ قالمايمەن.

4) مېھمان بولغان ئۆيدە نامەھرەملەردىن كۆزۈمنى يۇمىمەن، تىكىلىپ قارىمايمەن.

5) مېھماننى ئوچۇق چىراي، گۈزەل سۆزلەر بىلەن قارشى ئالىمەن ۋە تۆرگە باشلايمەن.

6) يېمەك-ئىچمەك بىلەن مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىمەن.

## ئاغرىق ۋە كېسەل يوقلاش ئەدەپلىرى

سوئال: ئاغرىق ۋە كېسەل يوقلاش ئەدەپ-قائىدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

* بىر يېرىم ئاغرىسا، ئوڭ قولۇمنى قويۇپ ئۈچ قېتىم «بِسْمِ اللَّهِ» (بىسمىللاھ) ۋە يەتتە قېتىم: «أعُوذُ بِعِزَّةِ اللَّهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّ مَا أجِدُ وَأُحَاذِرُ» «مەن ھېس قىلىۋاتقان ۋە قورقۇۋاتقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھنىڭ ئىززىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن پاناھ تىلەيمەن» دەپ ئوقۇيمەن.

* ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولىمەن ۋە سەۋر قىلىمەن.

* كېسەلنى يوقلاشقا ئالدىرايمەن، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىمەن، ئەمما يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇپ بىئارام قىلمايمەن.

* ئۇنىڭغا شىپالىق ئايەتلەرنى ئوقۇپ رۇقيە قىلىمەن ۋە مۇنۇ دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇيمەن:

* «أسْألُ اللَّهَ العَظِيمَ، رَبَّ العَرْشِ العَظِيمِ، أنْ يَشْفِيَكَ» «ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى بۈيۈك ئاللاھتىن ساڭا شىپالىق تىلەيمەن».

## ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەدەپلىرى

سوئال: ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئاللاھ ئۈچۈن خالىس نىيەت قىلىش.

2) ئۆگەنگەن بىلىمىگە ئەمەل قىلىش.

3) ئۇستازنى ھۆرمەتلەش، بار-يوقىدا ئىززىتىنى قىلىش.

4) ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك ئولتۇرۇش، سۆزىنى بۆلۈۋەتمەي كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش.

5) سوئال سورىغاندا سىپايە بولۇش، ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرماسلىق.

## مەجلىس (يىغىلىش) ئەدەپ-قائىدىلىرى

### 10-سوئال: مەجلىسنىڭ ئەدەپلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) مەجلىسكە كىرگەندە سالام بېرىش.

2) بوش يەردە ئولتۇرۇش، كىشىلەرنى ئورنىدىن قوپقۇزماسلىق.

3) باشقىلارغا يەر بوشىتىپ بېرىش ۋە سۆزىنى كېسىۋەتمەسلىك.

4) كېتىشتە رۇخسەت سوراش ۋە سالام بېرىپ قايتىش.

5) مەجلىس تۈگەپ قوپقاندا «كەففارەتۇل مەجلىس» دۇئاسىنى ئوقۇش:

«سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلهَ إِلاَّ أَنْتَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ»

« ئى ئاللاھ! سەن پاكسەن، ساڭا ھەمدۇسانا بولسۇن. سەندىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن» .

## ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

### 11-سوئال: ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) بالدۇر ئۇخلاش ۋە تاھارەت بىلەن يېتىش.

2) دۈم ياتماسلىق، ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىش.

3) ئۇخلاش دۇئاسىنى ئوقۇش: «بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ أَمُوتُ وَأَحْيَا» (ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن.)

4) ئايەتەل كۇرسى، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇش.

5) بامدات نامىزىغا ۋاقتىدا قوپۇش ۋە قوپقاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش:

«الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ»

«بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن (ئۇيقۇ بىلەن) قايتا تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدە بولسۇن، قايتىدىغان جايىمىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىدۇر».

## يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

سوئال: يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) ئىبادەتكە كۈچ تopلاشنى نىيەت قىلىپ يېيىش.

2) يېيىشتىن ئىلگىرى ئىككى قولنى يۇيۇش.

3) «بِسْمِ اللَّهِ» (بىسمىللاھ) دەپ، ئوڭ قول بىلەن ئۆز ئالدىدىن يېيىش.

4) ئەگەر بېشىدا ئۇنتۇپ قالسا: «بِسْمِ اللَّهِ فِي أَوَّلِهِ وَآخِرِهِ» دېيىش.

5) تاماقنى ئەيىبلىمەسلىك؛ ياقتۇرسا يېيىش، ياقتۇرمىسا جىم تۇرۇش.

6) بەك كۆپ يېمەسلىك، تاماقنى پۇۋلىمەسلىك.

7) چوڭلاردىن بۇرۇن باشلىماسلىق، ئائىلە بىلەن جەم بولۇپ يېيىش.

8) ئىچكەندە ئولتۇرۇپ، ئۈچ يۇتۇملاپ ئىچىش.

9) تۈگەتكەندە شۈكرى ئېيتىپ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش:

«الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مُسْلِمِينَ»

«بىزگە تائام ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەن، بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن».

## كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى

13-سوئال: كىيىم كىيىش ئەدەپلىرىنى ساناپ چىقىڭ؟

جاۋاب:

1) كىيىمنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ كىيىش ۋە «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي ألْبَسَنِي هَذَا...» دەپ دۇئا قىلىش.

2) كىيىمنى (ئەرلەر ئۈچۈن) ئوشۇقتىن تۆۋەن كىيمەسلىك.

3) ئوغۇللار قىزلارغا، قىزلار ئوغۇللارغا خاس كىيىملەرنى كىيىۋالماسلىق.

4) كاپىر ۋە پاسىقلارغا ئوخشاپ قالىدىغان كىيىملەرنى كىيمەسلىك.

5) كىيىمنى سالغاندا «بِسْمِ اللَّهِ» دېيىش.

6) ئاياغ كىيگەندە ئوڭنى ئاۋۋال كىيىش، سالغاندا سولنى ئاۋۋال سېلىش.

## قاتناش ۋاسىتىلىرىگە مىنىش ئەدەپلىرى

سوئال: قاتناش ۋاسىتىلىرىگە مىنىش ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) «بِسْمِ اللَّهِ، الْحَمْدُ لِلَّهِ» دەپ، مىنىش دۇئاسىنى ئوقۇش:

﴿سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ * وَ إِنَّا إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾

«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات (ئاللاھ) پاكتۇر، بىز ئۆزىمىز بۇنىڭغا قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىز تەرەپكە قايتقۇچىلارمىز»[1].

## يول ئەدەپلىرى

سوئال: يولنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

[1] زۇخرۇف سۈرىسى، 13-14-ئايەتلەر

جاۋاب:
1) كەمتەرلىك بىلەن مېڭىش، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مېڭىش.
2) ئۇچرىغان كىشىگە سالام بېرىش.
3) كۆزنى نامەھرەمدىن ساقلاش، كىشىگە ئازار بەرمەسلىك.
4) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش.
5) يولدىكى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش.

## ئۆيگە كىرىش ۋە چىقىشنىڭ ئەدەپلىرى

### سوئال: ئۆيگە كىرىش ۋە چىقىشنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:
ئۆيدىن چىققاندا سول پۇت بىلەن چىقىش ۋە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش:
«بِاسْمِ اللَّهِ، تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ، لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ بِاللَّهِ، اللَّهُمَّ إنِّي أعُوذُ بِكَ أنْ أضِلَّ أوْ أضُلَّ...»
« ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتىم، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئىش- ھەرىكەت ۋە كۈچ- قۇۋۋەت پەقەت ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ ئى ئاللاھ! مەن ئېزىپ كېتىش ياكى ئازدۇرۇلۇشتىن، تېيىلىپ كېتىش ياكى تېيىلدۇرۇلۇشتىن ... ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».
ئۆيگە كىرگەندە ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش، مىسۋاك ئىشلىتىش، سالام بېرىش ۋە كىرىش دۇئاسىنى ئوقۇش.
كىرىش دۇئاسى: «بِاسم اللهِ وَلجْنَا، و باسمِ اللهِ خَرَجْنا وَعَلَى رَبّنَا تَوَكَّلْنا»
«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتۇق، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق ۋە رەببىمىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق».

## ھاجەتخانا ئەدەپلىرى

سوئال: ھاجەتخانا ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

* سول پۇت بىلەن كىرىش ۋە كىرىشتىن بۇرۇن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش:

«بِاسْمِ اللَّهِ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ»

« ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن... ئى ئاللاھ! مەن ئەر-ئايال جىن-شەيتانلارنىڭ ئەسكىلىكىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».

* ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بار نەرسىلەر بىلەن كىرمەسلىك.

* ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، گەپ قىلماسلىق، قىبلىگە ئالدىنى ياكى كەينىنى قىلماسلىق.

* سول قول بىلەن پاكىزلىنىش، چىققاندا ئوڭ پۇت بىلەن چىقىپ «غُفْرَانَكَ» دېيىش.

## مەسجىد ئەدەپلىرى

سوئال: مەسجىدنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش ۋە: «بِاسْمِ اللَّهِ، اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» دېيىش.

2) «تەھىيەتۇل مەسجىد» نامىزى ئوقۇماي ئولتۇرماسلىق.

3) نامازخانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەسلىك، مەسجىدتە سودا-سېتىق قىلماسلىق.

4) سول پۇت بىلەن چىقىش ۋە: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ» دېيىش.

## سالامنىڭ ئەدەپلىرى

سوئال: سالامنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئۇچراشقاندا «السَّلَامُ عَلَيْكُمْ» (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) دەپ سالام بېرىش.

2) سالامدا تەبەسسۇم قىلىش ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش.

3) بىرەرسى سالام بەرسە، تېخىمۇ گۈزەل ياكى ئوخشاش ئىبارە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش.

4) كاپىرغا ئاۋۋال سالام بەرمەسلىك، ئۇ بەرسە ئوخشاش قايتۇرۇش.

5) كىچىكلەر چوڭلارغا، ئازلار كۆپكە سالام بېرىش.

## رۇخسەت سوراشنىڭ ئەدەپلىرى

رۇخسەت سوراشنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) كىرىشتىن بۇرۇن رۇخسەت سوراش، ئۈچ قېتىم سوراپ رۇخسەت بولمىسا قايتىپ كېتىش.

2) ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋالماي، ئوڭ ياكى سول تەرەپتە تۇرۇپ چېكىش.

3) ياتاق ئۆيلەرگە، بولۇپمۇ بامداتتىن بۇرۇن، چۈشلۈك ئارامدا ۋە خۇپتەندىن كېيىن رۇخسەتسىز كىرمەسلىك.

## ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش ئەدەپلىرى

21-سوئال: ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) يەم-خەشەك ۋە سۇ بېرىش، ئاچ قويماسلىق.

2) رەھىم قىلىش، كۆتۈرەلمەيدىغان يۈك يۈكلىمەسلىك ۋە قىينىماسلىق.

## چېنىقىش ئەدەپلىرى

### 22-سوئال: چېنىقىش ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئىبادەتكە كۈچ توپلاشنى نىيەت قىلىش.

2) ناماز ۋاقىتلىرىغا دەخلى قىلماسلىق.

3) ئەۋرەتنى ياپىدىغان كىيىم كىيىش، نامەھرەملەر بىلەن ئارىلىشىپ چېنىقماسلىق.

## چاقچاقنىڭ ئەدەپلىرى

### سوئال: چاقچاقنىڭ بەزى ئەدەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈڭ؟

جاۋاب:

1) چاقچاقتا راست سۆزلەش، يالغان ئېيتماسلىق.

2) مەسخىرە، قورقۇتۇش ۋە ئازار بېرىشتىن خالىي بولۇش.

3) ھەددىدىن زىيادە كۆپ چاقچاق قىلماسلىق.

## چۈشكۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرى

### سوئال: چۈشكۈرۈشنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئېغىزنى قولى ياكى سۈرتكۈچ بىلەن ئېتىش.

2) چۈشكۈرگەندىن كېيىن «الْحَمْدُ لِلَّهِ» دېيىش.

3) يېنىدىكى كىشى «يَرْحَمُكَ اللَّهُ» دېيىش؛ چۈشكۈرگۈچى ئۇنىڭغا: «يَهْدِيكُمُ اللَّهُ وَيُصْلِحُ بَالكُمْ» «ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىش.

## ئەسنەشنىڭ ئەدەپلىرى

سوئال: ئەسنەشنىڭ ئەدەپلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) ئىمكانقەدەر يۇتۇۋېلىش (توسۇش).

2) ئاۋاز چىقارماسلىق ۋە سول قولنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى ئېتىش.

## قۇرئان كەرىم ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى

سوئال: قۇرئان كەرىم ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) تاھارەت بىلەن، ئەدەپلىك ئولتۇرۇپ ئوقۇش.

2) باشلىغاندا «أعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» دېيىش.

3) مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئوقۇش

## يەتتىنچى قىسىم: ئەخلاق بۆلۈمى

1-سوئال: گۈزەل ئەخلاقنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا»

تەرجىمىسى: «مۇئمىنلەر ئىچىدە ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ــ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر»[1].

2-سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىسلام ئەخلاقىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ؟

جاۋاب:

1) چۈنكى ئىسلامىي ئەخلاق ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر.

2) ئۇ كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىشنىڭ ئاساسىدۇر.

3) ئۇ قىيامەت كۈنى مىزاندا (تارازىدا) ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان سەرمايىدۇر.

4) گۈزەل ئەخلاق بىلەن ھەسسىلەپ ئەجىر ۋە ساۋاپقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

5) ئۇ ئىماننىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

3-سوئال: بىز ئەخلاقنى قەيەردىن ئۆگىنىمىز؟

جاۋاب: بىز ئەخلاقنى قۇرئان كەرىمدىن ئۆگىنىمىز. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ﴾

«ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان (ھەر بىر ئىشنىڭ) ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىقىغا باشلايدۇ»[2].

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

[2] ئىسرا سۈرىسى، 9 -ئايەت

بىز يەنە ئەخلاقنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىدىن ئۆگىنىمىز. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«إِنَّمَا بُعِثْتُ لِأُتَمِّمَ صَالِحَ الْأَخْلَاقِ»

«مەن پەقەت ياخشى ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1].

## 4-سوئال: گۈزەللىك (ئىھسان) ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب: گۈزەللىك – ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ ئەمرىگە رىئايە قىلىش ۋە مەخلۇقاتلارغا ياخشىلىق تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«إِنَّ اللَّهَ كَتَبَ الْإِحْسَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ»

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدە گۈزەل قىلىشنى (ئىھساننى) پەرز قىلدى»[2]. (مۇسلىم رىۋايىتى.)

گۈزەللىكنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى:

* ئاللاھقا قىلىنىدىغان ئىبادەتتىكى گۈزەللىك: بۇ ئىبادەتتە ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش بىلەن بولىدۇ.
* ئاتا-ئانىغا، قېرىنداشلارغا، ئۇرۇق-تۇققانلارغا ۋە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش.
* يېتىملارغا، كەمبەغەللەرگە ۋە ئۆزىگە ئەسكىلىك قىلغانلارغىمۇ گۈزەل مۇئامىلە قىلىش.
* سۆز-چۆچەكتە، دەتالاش ۋە جېدەل-ماجىرالاردا ئەدەپلىك بولۇش.
* ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق قىلىش.

## 5-سوئال: گۈزەللىكنىڭ ئەكسى نېمە؟

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

جاۋاب: گۆزەللىكنىڭ ئەكسى ـ ناچارلىق ۋە ئەسكىلىكتۇر. مەسىلەن: ئىبادەتتە ئىخلاس قىلماسلىق، ئاتا-ئانىنى قاخشىتىش، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش، قوشنىلارغا ئەزىيەت بېرىش، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلماسلىق ۋە باشقا بارلىق يامان سۆز-ھەرىكەتلەر گۆزەللىكنىڭ ئەكسى بولغان ناچار ئىللەتلەردۇر.

### 6-سوئال: ئامانەتنىڭ تۈرلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1) ئاللاھنىڭ ھەققىنى ساقلاشتىكى ئامانەت: ئاللاھ پەرز قىلغان ناماز، زاكات ،روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش بىر ئامانەتتۇر.

2) مەخلۇقاتلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ساقلاشتىكى ئامانەت: كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى، مال-مۈلكىنى، جېنىنى، سىر-مەخپىيەتلىكلىرىنى ۋە بىزگە تاپشۇرۇلغان بۇيۇملارنى قوغداش ئامانەتتۇر.

ئاللاھ تەئالا نىجات تاپىدىغانلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾

«ئۇلار (نىجات تاپقۇچىلار) ئۆزلىرىگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە ۋەدىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»[1].

### 7-سوئال: ئامانەتنىڭ ئەكسى نېمە؟

جاۋاب: ئامانەتنىڭ ئەكسى ـ خىيانەتتۇر. يەنى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى جايىدا ئادا قىلماسلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلَاثٌ... وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ»

---

[1] مۆئمىنۇن سۈرىسى ، 8-ئايەت

«مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر... (بىرى ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ».[1]

## 8-سوئال: راستچىللىق ئەخلاقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن سۆزلەش ياكى ھەر بىر نەرسىنى ئەينەن بايان قىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى: كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، ۋەدە بەرگەندە ۋە بارلىق ئىشلاردا راستچىل بولۇشتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«إِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ، وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ، وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَصْدُقُ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّهِ صِدِّيقًا» «راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر كىشى توختىماي راست سۆزلىسە، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا «ساداقەتمەن (سىددىق)» دەپ يېزىلىدۇ».[2]

## 9-سوئال: راستچىللىقنىڭ ئەكسى نېمە؟

جاۋاب: ئۇنىڭ ئەكسى – يالغانچىلىقتۇر. يەنى ھەقىقەتكە زىت سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«وَإِنَّ الْكُذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ، وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ، وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَكْذِبُ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّهِ كَذَّابًا» «يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھ-مەئسىيەتكە باشلايدۇ، گۇناھ-مەئسىيەت دوزاخقا باشلايدۇ. بىر كىشى يالغان سۆزلەۋەرسە، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا «كاززاپ (يالغانچى)» دەپ يېزىلىدۇ».[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «آيةُ المنافِقِ ثلاثٌ» «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ» دېگەن ۋە ئۇنىڭ قاتارىدا: «إذا حدَّث كَذَبَ وإذا وعَدَ أخْلفَ» «سۆزلىسە

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

يالغان سۆزلەيدۇ ۋە ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ»[1] دېگەنىمىز بايان قىلىنغان.

## 10-سوئال: سەۋرنىڭ تۈرلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىشتا سەۋر قىلىش.
2) گۇناھ-مەئسىيەتتىن ئۆزىنى تارتىشتا سەۋر قىلىش.
3) بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىر قىسمەتلىرىگە سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش.
4) بايلىق، ھوقۇق ۋە مەنسەپ سىناقلىرىدا سەۋر قىلىش.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ﴾ «ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَجَباً لِأمْرِ المؤمِنِ إنَّ أمْرَهُ كُلَّهُ خَيْرٌ, وليْس ذلك إلاّ للمؤمن، إنْ أصابَتهُ سَرّاءُ شَكَرَ فكانَ خَيْراً له وإنْ أصابَتْهُ ضرَّاءُ صَبَرَ فكان خَيْراً لهُ» «مۇئمىنىنىڭ ئىشى ھەيران قالارلىق، ھەقىقەتەن مۇئمىنىنىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق، بۇ پەقەت مۇئمىن ئۈچۈن شۇنداق؛ ئەگەر بىرەر خۇشاللىق كەلسە شۈكۈر قىلىدۇ-دە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ ۋە ئەگەر بىرەر مۇسىبەت يەتسە سەۋر قىلىدۇ-دە، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ»[3]

## 11-سوئال: سەۋرنىڭ ئەكسى نېمە؟

جاۋاب: سەۋرنىڭ ئەكسى – سەۋرسىزلىك ۋە قىسمەتكە نارازى بولۇشتۇر. يەنى ئىبادەتكە سەل قاراش، گۇناھتىن ئۆزىنى تۇتالماسلىق،

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 146-ئايەت
[3] مۇسلىم رىۋايىتى

مۇسىبەت يەتكەندە غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش، ئۆلۈم تىلەش، ئۈستى-بېشىنى يىرتىش ياكى نالە-پەرياد قىلىش قاتارلىقلار سەۋرسىزلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«الجزاء مع عِظَمِ البَلاءِ وَإِنَّ اللَّهَ إِذَا أَحَبَّ قَوْمًا ابْتَلَاهُمْ، فَمَنْ رَضِيَ فَلَهُ الرِّضَا، وَمَنْ سَخِطَ فَلَهُ السَّخَطُ»

« ئاللاھ بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇلارنى سىنايدۇ. كىمكى (سىناقتا) رازى بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولىدۇ؛ كىمكى غەزەپلەنسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولىدۇ»[1].

## 12-سوئال: ھەمكارلىق ئەخلاقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئارا ھەققەت ۋە ياخشىلىق يولىدا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇر.

كۆرۈنۈشلىرى: ھەق-ھوقۇقنى قوغداشتا، زالىمغا قارشى تۇرۇشتا، مۇھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتا ۋە بارلىق خەيرلىك ئىشلاردا ھەمكارلىشىشتۇر. گۇناھ-مەئسىيەت، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكتە ھەمكارلىشىش ھارامدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىٰ ۖ وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ ۚ وَ اتَّقُوا اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

«ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا ھەمكارلىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ھەمكارلاشماڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ئىنتايىن قاتتىقتۇر»[2].

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى
[2] مائىدە سۈرىسى، 2-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المؤمن للمؤمن كالبنيانِ يشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضاً» «مۇئمىن يەنە بىر مۇئمىن ئۈچۈن بىر بىناغا ئوخشايدۇكى؛ بەزىسى بەزىسىنى تولۇقلايدۇ».

«المُسلمُ أخو المُسْلِمِ, لا يَظْلِمهُ و لا يُسْلِمهُ ومَنْ كانَ في حاجَةِ أخِيهِ كان الله في حاجَتِهِ ومَنْ فَرَّجَ عَنْ مُسْلِمٍ كُرْبَةً فَرَّجَ اللهُ عنهُ كُرْبَةً مِنْ كُروباتِ يومِ القِيامةِ وَمَنْ سَتَرَ مُسلماً سَتَرَهُ اللّهُ يوْمَ القِيامَةِ» «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ، كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىدۇ. كىمكى مۇسۇلماندىن بىرەر قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ مۇشكۇللىرىدىن بىرەر مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىپىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[1].

## 13-سوئال: ھايا قىلىش ئەخلاقىنىڭ تۈرلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

* ئاللاھتىن ھايا قىلىش: ئاللاھ كۆرۈپ تۇرغان يەردە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن نومۇس قىلىشتۇر.

* ئىنسانلاردىن ھايا قىلىش: كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان سەت سۆزلەردىن، ئەۋرەتنى ئېچىشتىن ۋە ئەسكى قىلىقلاردىن ساقلىنىشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «...وَالحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الإِيْمَانِ»

« ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شېخىدۇر»[2].

## 14-سوئال: مېھرى-شەپقەت ئەخلاقىدىن ئۆرنەكلەرنى سۆزلەڭ؟

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

جاۋاب: ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆسمۈر ۋە كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، يوقسۇل-مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىش، ھەتتا ھايۋاناتلارغىمۇ رەھىم قىلىپ يەم-سۈيىنى بېرىش مېھرى-شەپقەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تَرى المؤمنين في تراحُمِهِم وتوادِّهِمْ و تعاطفِهِم كَمَثَلِ الجَسَدِ، إذا اشْتَكى عُضْوٌ تَداعَى لهُ سائِرُ جَسَدِه بالسَّهَرِ والحُمَّى» «مۇئمىنلەرنى ئۆز-ئارا مېھرى- شەپقەت، دوستانىلىق ۋە كۆيۈمچانلىقتا، بىرەر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا قالغان يېرى ئۇيقۇسىزلۇق ۋە قىزىتما بولۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولىدىغان بىر تەنگە ئوخشاش كۆرىسەن»[1].

«الرَّاحِمُونَ يَرْحَمُهُمُ الرَّحْمَنُ، ارْحَمُوا مَنْ فِي الْأَرْضِ يَرْحَمْكُمْ مَنْ فِي السَّمَاءِ» «مېھرىبانلىق قىلغۇچىلارغا مېھرىبان ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ. زېمىندىكى كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىڭلاركى، ئاسماندىكى زات سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن»[2] .

### 15-سوئال: دوستلۇق ئەخلاقىنىڭ تۈرلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1. ئاللاھنى دوست تۇتۇش: ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِلَّهِ﴾ «ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتىدۇ»[3].

2. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى دوست تۇتۇش: ئۇ زاتنى پۈتۈن مەخلۇقاتتىن بەك سۆيۈشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «وَالَّذِي نَفْسي بِيَدِه لا يؤمنُ أحَدُكُم حَتَّى أكونَ أحَبَّ إليهِ مِنْ والدِه وولَدِه» «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى
[3] بەقەرە سۈرىسى 165-ئايەت

بىلەن قەسەمكى؛ مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا دادىسىدىنمۇ ۋە بالىسىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغۇچىلىك ئۇ مۆئمىن بولمايدۇ»[1].

3. مۆئمىنلەرنى دوست تۇتۇش: ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يؤمِنُ أحَدُكُم حَتَّى يُحِبَّ لأخيهِ ما يُحِبُّ لِنَفْسهِ» «ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۆئمىن قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچىلىك سىلەرنىڭ بىرىڭلار مۆئمىن بولمايدۇ»[2]

## 16-سوئال: خۇشچىراي ۋە خۇشپېئىللىقنى چۈشەندۈرۈڭ؟

جاۋاب: ئۇ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا تەبەسسۇملۇق، مۇلايىم ۋە ئوچۇق چىراي بولۇشتۇر. بۇ كىشىلەرنى نەپرەتلەندۈرىدىغان سەت قاپاق تۈرۈشنىڭ ئەكسىدۇر. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَحْقِرَنَّ مِنَ المَعْروفِ شَيْأً ولو أنْ تَلْقى أخاكَ بِوجْهٍ طَلْقٍ» «توغرا، ياخشى ئىشلاردىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىما، گەرچە ئۇ، قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىشىش بولسىمۇ»[3].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تَبَسُّمُكَ فِي وَجْهِ أخِيكَ لكَ صَدَقَةٌ» «قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىغىنىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر»[4].

## 17-سوئال: ھەسەت دېگەن نېمە؟

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى
[2] بۇخارى رىۋايىتى
[3] مۇسلىم رىۋايىتى
[4] تىرمىزى رىۋايىتى

جاۋاب: ئۇ باشقىلارغا بېرىلگەن نېمەتنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىش ياكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىغا چىدىماسلىقتۇر. ئاللاھ تەئالا بىزنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان:﴿وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾
«ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن (ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن)»[1].

ئەنەس ىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَبَاغَضُوا، وَلا تَحَاسَدُوا، وَلا تَدَابَرُوا، وَكُونُوا عِبَادَ اللَّهِ أَخْوَانًا» «ئۆچەكەشمەڭلار، ھەسەد قىلىشماڭلار، قېيداشماڭلار ۋە قېرىنداشلارچە ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولۇڭلار»[2].

## 18-سوئال: زاڭلىق قىلىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى مەسخىرە قىلىش ۋە كۆزگە ئىلماسلىقتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰ أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَىٰ أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ ۖ وَلَا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ ۖ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ ۚ وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئەي ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكى ئۇ (مەسخىرە قىلىنغان قەۋم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) ئۇلاردىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ مەسخىرە قىلىشمىسۇن، بەلكى ئۇ (مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار) ئۇلاردىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. ئۆزەڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار ۋە ئۆز-ئارا يامان لەقەملەر بىلەن چاقىرىشماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىق

---
[1] فەلەق سۈرىسى، 5-ئايەت
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىسىم بىلەن چاقىرىش نىمىدىگەن يامان؟ ۋە كىمكى تەۋبە قىلمىسا ئەنە شۇلار ھەقىقى زالىملاردۇر»[1].

## 19-سوئال: كەمتەرلىكنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: كەمتەرلىك ـ ئىنساننىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماسلىقى، كىشىلەرنى كىچىك كۆرمەسلىكى ۋە ھەقىقەتنى باش ئەگىپ قوبۇل قىلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ﴿ وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا ﴾ «مېھرىبان ئاللاھنىڭ بەندىللىرى زىمىندا يەڭگىل كەمتەرلىك بىلەن ماڭىدۇ»[2].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «...وَمَا تَوَاضَعَ أحَدٌ لِلَّهِ إلاَّ رَفَعَهُ اللَّهُ» «كىمكى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن كەمتەر بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى چوقۇم يۇقىرى قىلىدۇ»[3].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن: «إنَّ اللهَ أوْحَى إليَّ أنْ تَوَاضعُوا، حتَّى لا يفْخَرَ أحَدٌ على أحدٍ، ولا يبْغَى أحدٌ على أحدٍ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن ماڭا ۋەھيى قىلدىكى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە پەخىر قىلىپ كۆرەڭلىمىسۇن ۋە بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە قارىتا ھەددىدىن ئاشماي كەمتەر بولسۇن»[4].

## 20-سوئال: ھارام بولغان تەكەببۇرلۇقنىڭ تۈرلىرى نېمىلەر؟

جاۋاب:

1. ھەققە تەكەببۇرلۇق قىلىش: ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ رەت قىلىش.
2. كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلىش: كىشىلەرنى كەمسىتىش ۋە كۆزگە ئىلماسلىق .

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 11-ئايەت
[2] فۇرقان سۈرىسى 63-ئايەت
[3] مۇسلىم رىۋايىتى
[4] مۇسلىم رىۋايىتى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «لا يَدخُلُ الجَنَّةَ مَن كانَ في قَلبِه مِثقالُ ذَرَّةٍ مِن كِبرٍ» «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق باركىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەندە، بىر ئادەم: بىر كىشى كىيىمىنىڭ ۋە ئاياقلىرىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ؟ (بۇمۇ تەكەببۇرلۇقمۇ؟) دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «إنَّ اللهَ جَميلٌ يُحِبُّ الجمال ، الكِبْرُ: بطرُ الحَقِّ وغَمْط النَّاسِ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. تەكەببۇرلۇق دېگەن ـ چوڭچىللىق قىلىپ ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق »دېدى»[1].

ئەسكەرتىش: كىيىم-كېچەكنىڭ پاكىز ۋە گۈزەل بولۇشى تەكەببۇرلۇق ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ.

## 21-سوئال: ھارام بولغان ئالدامچىلىقتىن بەزى مىساللارنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1. مال ساتقاندا ئەيىبىنى يوشۇرۇش (سودىدا كۆز بوياмчىلىق).
2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىشى.
3. يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش.
4. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مَنْ غَشَّ فَلَيْسَ مِنِّي» «كىمكى ئالدامچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ مەندىن ئەمەس»[2] دېگەن.

## 22-سوئال: غەيۋەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭنى يوق يەردە، ئۇ ئاڭلىسا ياقتۇرمايدىغان سۆيەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىشىڭدۇر. ئاللاھ تەئالا

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

غەيۋەتنى ئۆلۈك قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاتقان ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق توسقان:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجْتَنِبُواْ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ ٱلظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ﴾ «ئەي ئىمان ئېيتقانلار كۆپ گۇمانخورلۇقتىن ئۆزاق تۇرۇڭلار، بەزى گۇمان ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، جاسۇسلۇق قىلماڭلار ۋە بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار .سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈك قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنى يامان كۆرىسىلەر. ئاللا ھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر»[1].

## 23-سوئال: سۇخەنچىلىكنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب: ئۇ ئارىنى بۇزۇش مەقسىتىدە كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇشتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لاَ يَدْخُلُ الجَنَّةَ نَمَّامٌ» «سۇخەنچى (گەپ توشۇيدىغان كىشى) جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2] .

## 24-سوئال: ھورۇنلۇق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك پەرز-ۋاجىپلارغا ۋە پايدىلىق ئىشلارغا سەل قاراش ياكى ئېغىرلىق قىلىشتۇر. ھورۇنلۇق مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى بولۇپ، مۇئمىن كىشى تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك بولۇشى كېرەك.

﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوا إِلَى الصَّلَاةِ قَامُوا كُسَالَىٰ يُرَاءُونَ النَّاسَ وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «مۇناپىقلار ھەقىقەتەن ئاللاھنى ئالدىماقچى بولىشىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ جازاسىنى ئۇبدان

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 12-ئايەت
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

بەرگۈچىدۇر. ئۇلار نامازغا تۇرسا كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ھۇرۇنلۇق بىلەن تۇرىدۇ ۋە ئاللاھنى بەكمۇ ئاز ئەسلەيدۇ»[1].

### 25-سوئال: غەزەپىنىڭ تۈرلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1. يوللۇق غەزەپ: ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرى دەپسەندە قىلىنغاندا قىلىنىدىغان ئۇرۇنلۇق ئاچچىق.
2. ئورۇنسىز غەزەپ: ئىنساننى ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان، ناچار سۆز-ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئەسەبىيلىك.

دورىسى: تاھارەت ئېلىش، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇش، ئولتۇرغان بولسا يېتىش، سۈكۈت قىلىش ۋە شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سېغىنىش.

### 26-سوئال: جاسۇسلۇق دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاش ياكى ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ ماراشتۇر. ئاللاھ تەئالا: ﴿وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ «جاسۇسلۇق قىلماڭلار»[2] دەپ بۇيرۇغان.

### 27-سوئال: ئىسراپ، بېخىللىق ۋە سېخىيلىق دېگەنلەر نېمە؟

جاۋاب:

ئىسراپ ـ مال-دۇنيانى ئورۇنسىز ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ خەجلىۋېتىش.

بېخىللىق ـ مال-دۇنيانى خەجلەشكە تېگىشلىك ئورۇنلارغا خەجلىمەي بېكىتىۋېلىش.

سېخىيلىق ـ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، مالنى ئورنىغا، ساۋابلىق ئىشلارغا خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿والَّذينَ إذا أنْفَقوا لَمْ يُسْرِفُوا ولم يَقْتُرُوا وكان بيْنَ ذلِكَ قَواماً﴾ «ئۇ

---

[1] نىسا سۈرىسى 142-ئايەت

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى 12-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

(ئاللاھنىڭ بەندىللىرى) ئورۇنسىز يەرگە پۇل خەجلىمەيدۇ، بەك پىششىقلىقمۇ قىلمايدۇ ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ»[1].

## 28-سوئال: قورقۇنچاقلىق ۋە باتۇرلۇق نېمە؟

جاۋاب:

قورقۇنچاقلىق ـ قورقۇشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىدىن قورقۇش؛ مەسىلەن: ھەقنى سۆزلەشتىن ياكى يامانلىقنى توسۇشتىن قورقۇپ سۈكۈت قىلىش.

باتۇرلۇق ـ ھەق يولدا غەيرەت بىلەن ئالغا بېسىش؛ مەسىلەن: ئىسلامنى ۋە مۇئمىنلەرنى قوغداشتا قورقماسلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەن: «اللهمَّ إنِّي أعوذُ بِكَ مِن الجُبْنِ» «ئىلاھىم! مەن قورقۇنچاقلىقتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن» ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «المؤمنُ القَوِيُّ خيرٌ وأحَبُّ إلى اللهِ مِن المؤمنِ الضَّعيفِ وفي كُلٍّ خَيْرٌ» «ھەربىرىدە ياخشىلىق بار بولسىمۇ، كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىدۇر ۋە ئاللاھقا سۆيۈملۈكراقتۇر»[2].

## 29-سوئال: ئېغىزدىن چىقىدىغان بەزى ھارام سۆزلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب: بېكاردىن لەنەت ئوقۇش، تىللاش، «ئىشەك، تۇڭگۇز» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەش ۋە ئەۋرەتكە چېتىلىدىغان مەينەت، سەت گەپلەرنى قىلىش ھارامدۇر .مۇئمىن كىشىنىڭ تىلى پاك بولۇشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن توسۇپ

[1] فۇرقان سۈرىسى، 67-ئايەت
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ الْمُؤْمِنُ بالطَّعَّانِ، وَلا اللَّعَّانِ، وَلا الْفَاحِشِ، وَلا الْبَذِيءِ» «مۇئمىن تەنىخور ئەمەس، لەنەتخور ئەمەس، رەسۋا ئەمەس ۋە پەس ئەمەس»[1].

30-سوئال: گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب:

1. ئاللاھتىن گۈزەل ئەخلاق تىلەپ دائىم دۇئا قىلىش.
2. ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتماسلىق.
3. گۈزەل ئەخلاقنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ۋەسىلە بولىدىغان ساۋابىنى ئەسلەپ تۇرۇش.
4. يامان ئەخلاقنىڭ دوزاخقا باشلايدىغان ئېغىر ئاقىۋىتىدىن ھەزەر قىلىش.
5. گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ مۇھەببىتىنى جەلپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىش.
6. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ۋە ئۇ زاتنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش.
7. ياخشىلار بىلەن سۆھبەتداش بولۇش ۋە يامانلاردىن يىراق تۇرۇش.

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ھەببان

# سەككىزىنچى قىسىم: زىكىر ۋە دۇئالار بۆلۈمى

## زىكىرنىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىلىرى

### 1-سوئال: زىكىرنىڭ پەزىلىتى نېمە؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«مَثَلُ الَّذِي يَذْكُرُ رَبَّهُ وَالَّذِي لاَ يَذْكُرُ رَبَّهُ مَثَلُ الحَيِّ وَالمَيِّتِ»

«رەببىنى زىكىر قىلىدىغان كىشى بىلەن رەببىنى زىكىر قىلمايدىغان كىشىنىڭ مىسالى خۇددى تىرىك بىلەن ئۆلۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر»[1].

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىمىزكى، ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ھاياتلىق قىممىتى ئۇنىڭ ئاللاھنى زىكىر قىلىپ-قىلماسلىقىغا باغلىقتۇر.

### 2-سوئال: زىكىرنىڭ بەزى پايدىلىرىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1) زىكىر قىلىشتىن مېھرىبان ئاللاھ رازى بولىدۇ .

2) زىكىر بار يەردىن شەيتان قاچىدۇ .

3) زىكىر مۇسۇلماننى يامان ئىشلاردىن قوغدايدۇ.

4) زىكىر ئارقىلىق كۆپ ئەجىر ۋە ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

### 3-سوئال: زىكىرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى قايسى؟

جاۋاب: ئۇ ــ «لاَ إِلهَ إلاَّ اللّهُ» «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق»[2] كەلىمىسىدۇر .

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى

[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى

## كۆندىلىك تۇرمۇش ۋە كىيىم-كېچەك زىكىرلىرى

4-سوئال: ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «الحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أحْيَانَا بَعْدَ مَا أمَاتَنَا وَإلَيْهِ النُّشُورُ»

«بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن (ئۇيقۇ بىلەن) قايتا تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن، قايتىدىغان جايىمىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىدۇر».

5-سوئال: كىيىم كىيگەندە نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «الحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي كَسَانِي هَذَا الثَّوبَ وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ»

«مەندە ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت بولماستىن، بۇ كىيىمنى ماڭا كىيدۈرگەن ۋە رىزىق قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا بولسۇن»[1].

6-سوئال: كىيىمنى سالغاندا نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «بِسْمِ اللَّهِ» «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن»[2]

7-سوئال: يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا قايسى؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ لكَ الحَمْدُ أنْتَ كَسَوْتَنِيهِ، أسْألُكَ خَيْرَه وَخيْرَ مَا صُنِعَ لهُ، وَأعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّه وَشَرِّ مَا صُنِعَ لهُ»

« ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن، بۇنى ماڭا سەن كىيدۈردۈڭ. سەندىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە نېمە مەقسەتتە تىكىلگەن بولسا شۇنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن؛ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن تىكىلگەن بولسا شۇنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[3].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە باشقىلار
[2] تىرمىزى رىۋايىتى
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى

8-سوئال: يېڭى كىيىم كىيگەن كىشى ئۇچۇن قىلىنىدىغان دۇئا قايسى ؟

جاۋاب: بىرەرسىنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى كىيىم كۆرسىڭىز: «تُبْلِي وَيُخْلِفُ اللَّهُ تَعَالَى»

« كىيىپ كونىرتىڭ، ئاللاھ تەئالا يەنە بېرىدۇ»[1] دەپ دۇئا قىلىسىز.

## پاكىزلىق، تاھارەت ۋە ئۆي ئەدەپلىرى

9-سوئال: ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇڭ؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ»

« ئى ئاللاھ! مەن ئەركەك-چىشى جىن-شەيتانلارنىڭ شەررىدىن ساقلىنىشنى سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

10-سوئال: ھاجەتخانىدىن (خالادىن) چىققاندا نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «غُفْرَانَكَ» «مەغپىرەت قىلغىن، كەچۈرگىن»[3].

11-سوئال: تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن نېمە دەيسىز؟

«بِسْمِ اللَّهِ» «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن»[4] دەيمەن.

12-سوئال: تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا قايسى؟

جاۋاب: «أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنْ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ»

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى
[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار

« بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن؛ شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[1].

13-سوئال: مەنزىلدىن (ئۆيدىن) چىققاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر قايسى؟

جاۋاب: «بِسْمِ اللَّهِ، تَوَكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ»

« ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتىم، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ھەرىكەت-سۈكۈنات ۋە كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر»[2].

14-سوئال: مەنزىلگە (ئۆيگە) كىرگەندە ئوقۇلىدىغان زىكىر قايسى؟

جاۋاب: «بِاسْمِ اللَّهِ وَلَجْنَا، وَبِاسْمِ اللَّهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا»

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتۇق ۋە رەببىمىزگە تەۋەككۇل قىلدۇق (دەپ بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام بېرىدۇ. »[3].

## مەسجىد ۋە ئەزان زىكىرلىرى

15-سوئال: مەسجىدكە كىرىش دۇئاسى قايسى؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» «ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن»[4].

16-سوئال: مەسجىدتىن چىقىش دۇئاسىنى دەپ بېرىڭ؟

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
[4] مۇسلىم رىۋايىتى

جاۋاب: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ» «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ پەزلى-رەھمىتىڭنى تىلەيمەن»[1].

17-سوئال: ئەزاننى ئاڭلىغاندا نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى تەكرارلايمەن، لېكىن «حَيَّ عَلَى الصَّلَاةِ» ۋە «حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ» دېگەندە: «لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ»[2] دەيمەن.

18-سوئال: ئەزاندىن كېيىن نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ غا سالاۋات ئوقۇپ، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيمەن:

«اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ، وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ، آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ»

« بۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلغۇسى نامازنىڭ رەببى بولغان ئاللاھىم! مۇھەممەدە ﷺ گە جەننەتتىكى «ئەلۋەسىلە» ۋە «ئەلفەزىلە» مەنزىللىرىنى بەرگىن، ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان مەدھىيەلىك ماقامغا ئېرىشتۈرگىن»[3].

ئەسكەرتىش: ئەزان بىلەن ئىقامەت ئارىسىدىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ، شۇڭا بۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلىش لازىم.

## ئەتىگەنلىك، كەچلىك ۋە ئۇخلاش زىكىرلىرى

19-سوئال: ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكىردە نېمە ئوقۇيسىز؟

جاۋاب:

1) ئايەتەل كۇرسىنى بىر قېتىم .

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[3] بۇخارى رىۋايىتى

2) ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن .

3) «سەييىدۇل ئىستىغفار» نى ئوقۇيمەن:

«اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ»

« ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق .مېنى سەن ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭدۇرمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ئەھدە ۋە ۋەدەمدە تۇرىمەن. قىلغانلىرىمنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن .ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ۋە قىلغان گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالمايدۇ»[1].

20-سوئال: ئۇخلايدىغاندا نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «بِاسْمِكَ اللَّهُمَّ أَمُوتُ وَأَحْيَا» «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە تىرىلىمەن»[2].

## يېمەك-ئىچمەك ۋە چۈشكۈرۈش ئەدەپلىرى

21-سوئال: يېمەك يېيىشنىڭ ئالدىدا نېمە دەيسىز؟

«بِسْمِ اللَّهِ» «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن» دەيمەن. ئەگەر ئۇنتۇلۇپ قالسا: «بِسْمِ اللَّهِ فِي أَوَّلِهِ وَآخِرِهِ» «بېشىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن»[3] دېيىلىدۇ.

[1] بۇخارى رىۋايىتى
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى

22-سوئال: يېمەك يەپ بولغاندا نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هَذَا، وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ»

« مېنىڭ ھېچبىر ھەرىكەت ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىمىسىز بۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ بېرىپ، مېنى تائاملاندۇرغان زات ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن»[1].

23-سوئال: تائام بەرگەن كىشىگە مېھماننىڭ قىلىدىغان دۇئاسى قايسى؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ بَارِكْ لَهُمْ فِيمَا رَزَقْتَهُمْ، وَاغْفِرْ لَهُمْ وَارْحَمْهُمْ»

« ئى ئاللاھ! ئۇلارغا بەرگەن رىزقىڭدا بەرىكەت بەرگىن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىل ۋە ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن»[2].

24-سوئال: چۈشكۈرگەن كىشى نېمە دەيدۇ؟

جاۋاب: چۈشكۈرگۈچى: «الْحَمْدُ لِلَّهِ» «ئاللاھقا شۈكرى» دەيدۇ. ئاڭلىغان كىشى:

«يَرْحَمُكَ اللَّهُ» «ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن» دەيدۇ. چۈشكۈرگۈچى يەنە: «يَهْدِيكُمُ اللَّهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ» «ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭلارنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن»[3] دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

## يىغىلىش، قاتناش ۋە سەپەر دۇئالىرى

25-سوئال: مەجلىس تۈگەپ قوپقاندا «كەپپارەتۇل مەجلىس» دۇئاسىدا نېمە دېيىلىدۇ؟

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار
[2] مۇسلىم رىۋايىتى
[3] بۇخارى رىۋايىتى

جاۋاب: «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلهَ إِلاَّ أَنْتَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ»

« ئى ئاللاھ! سەن پاكسەن، ساڭا ھەمدۇسانا بولسۇن. سەندىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن»[1].

## 26-سوئال: قاتناش قوراللىرىغا مىنگەندە قىلىدىغان دۇئا قايسى؟

جاۋاب: «بِسْمِ اللّهِ، الْحَمْدُ لِلّهِ» دەپ بولۇپ، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ:

﴿سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ * وَ إِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ﴾

« بۇنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات ئاللاھ پاكتۇر، بولمىسا بىز بۇنىڭغا مىنەلمىگەن بولاتتۇق ۋە بىز ھامان رەببىمىزگە قايتىمىز»[2].

ئاندىن: «الْحَمْدُ لِلّهِ (ئۈچ قېتىم)، اللّهُ أَكْبَرُ (ئۈچ قېتىم)، سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي؛ فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ» «ئى ئاللاھ! سەن پاكسەن، مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، مېنى كەچۈرگىن؛ چۈنكى سەندىن باشقا گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى يوق»[3] دەپ دۇئا قىلىدۇ.

## 27-سوئال: سەپەر دۇئاسىنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب: «اللّهُ أَكْبَرُ (ئۈچ قېتىم)» دەپ بولۇپ، ﴿سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ * وَ إِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ﴾

« بۇنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات ئاللاھ پاكتۇر، بولمىسا بىز بۇنىڭغا مىنەلمىگەن بولاتتۇق ۋە بىز ھامان رەببىمىزگە قايتىمىز»[4].

يۇقىرىدىكى مىنىش ئايىتىنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ:

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە باشقىلار
[2] ھۇجۇرات 13، 14- ئايەتلەر
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى
[4] ھۇجۇرات 13، 14- ئايەتلەر

«اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوَى، وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى، اللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا، وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَهُ، اللَّهُمَّ أَنْتَ الصَّاحِبُ فِي السَّفَرِ، وَالْخَلِيفَةُ فِي الْأَهْلِ...»

« ئى ئاللاھ! بىز بۇ سەپىرىمىزدە سەندىن ياخشىلىق، تەقۋالىق ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى سورايمىز. ئى ئاللاھ! بۇ سەپىرىمىزنى بىزگە ئاسان ۋە يىراقنى يېقىن قىلىپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! سەن سەپەردە ھەمراھىمىز، ئائىلىمىزدە كېپىلىمىزسەن ...».

قايتقاندا: «آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ» «بىز سەپەردىن قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى ۋە رەببىمىزگە ھەمدە ئېيتقۇچىمىز»[1] دېگەننى قوشۇپ ئوقۇيدۇ .

28-سوئال: سەپەرگە چىقىدىغان كىشىنىڭ ئۆيدە قالغانلارغا قىلىدىغان دۇئاسى قايسى؟

جاۋاب: «أَسْتَوْدِعُكُمُ اللَّهَ الَّذِي لَا تَضِيعُ وَدَائِعُهُ» «سىلەرنى، ھۇزۇرىدا قويۇلغان ئامانەتلەر ھەرگىز زايا بولمايدىغان ئاللاھقا تاپشۇردۇم»[2].

29-سوئال: ئۆيدە قالغان كىشى مۇساپىرغا قانداق دۇئا قىلىدۇ؟

جاۋاب: «أَسْتَوْدِعُ اللَّهَ دِينَكَ، وَأَمَانَتَكَ، وَخَوَاتِيمَ عَمَلِكَ» «دىنىڭىزنى، ئامانىتىڭىزنى ۋە ئىشلىرىڭىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم»[3].

30-سوئال: بازارغا كىرىش دۇئاسى قايسى؟

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، يُحْيِي وَيُمِيتُ، وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ، بِيَدِهِ الْخَيْرُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇز، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادشاھلىق ئۇنىڭغا مەنسۇپ، ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاس، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ تىرىكتۇر ھېچ

[1] مۇسلىم رىۋايىتى
[2] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە
[3] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى

ئۆلمەيدۇ، پۈتۈن ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا ۋە ئۇ ھەر- نەرسىگە قادىردۇر»[1].

## تۈرلۈك ھالەتلەردىكى زىكىر ۋە دۇئالار

31-سوئال: غەزەپلەنگەندە ئوقۇيدىغان دۇئانى ئېيتىڭ؟

جاۋاب: «أعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» «قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2].

32-سوئال: سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «جَزَاكَ اللَّهُ خَيْرًا» «ئاللاھ سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن»[3].

33-سوئال: مىنگەن ئۇلاق (ياكى ماشىنا) تېپىلىپ كەتسە نېمە دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: «بِسْمِ اللَّهِ» «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن»[4].

34-سوئال: خۇشاللىنارلىق ئىشقا ئېرىشكەندە نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «الحْمْدُ لِلَّهِ الذَّي بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ» «نېمىتى بىلەن ياخشىلىقلار مۇكەممەللىشىدىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن»[5].

35-سوئال: ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرسە نېمە دەيسىز؟

جاۋاب: «الحْمْدُ لِلَّهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ» «ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن»[6].

36-سوئال: سالام بېرىش ۋە قايتۇرۇش قانداق بولىدۇ؟

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[3] تىرمىزى رىۋايىتى
[4] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
[5] ھاكىم رىۋايىتى
[6] سەھى ھەدىسلەر توپلىمى

جاۋاب: مۇسۇلمان كىشى: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتۇھۇ » دەپ سالام بېرىدۇ؛ قېرىندىشى ئۇنىڭغا: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسەلام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتۇھۇ»[1] دەپ سالام قايتۇرىدۇ.

### 37-سوئال: يامغۇر ياققاندا قىلىدىغان دۇئا قايسى؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا» «ئى ئاللاھ! پايدىلىق يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن»[2].

### 38-سوئال: يامغۇردىن كېيىن نېمە دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: «مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللهِ وَرَحْمَتِهِ» «ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇلدى»[3].

### 39-سوئال: شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا قايسى؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا» «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن ۋە يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[4].

### 40-سوئال: گۈلدۈرماما ئاڭلىغاندا نېمە دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: «سُبْحَانَ الَّذِي يُسَبِّحُ الرَّعْدُ بِحَمْدِهِ وَالْمَلَائِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِ»

« گۈلدۈرماما ھەمدۇسانا بىلەن، پەرىشتىلەر قورقۇنچ بىلەن تەسبىھ ئېيتىدىغان زات (ئاللاھ) پۈتۈن ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر»[5].

### 41-سوئال: مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە نېمە دېيىلىدۇ؟

جاۋاب: «الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي مِمَّا ابْتَلَاكَ بِهِ، وَفَضَّلَنِي عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِيلًا»

---

[1] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار
[2] بۇخارى رىۋايىتى
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە
[5] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار

« سىنى سىنىغان مۇسىبەتتىن مىنى ساقلىغان ۋە مىنى نۇرغۇن مەخلۇقاتلاردىن ئەۋزەل قىلغان ئاللاھقا ھەمد بولسۇن»[1].

42-سوئال: كۆز تېگىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە قانداق دۇئا قىلىنىدۇ؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: :«إذا رأى أحدكم مِن أخيه أو مِن نفسه أو مِن ماله ما يُعْجِبُهُ فليدع له بالبركة فإنَّ العَيْنَ حَقٌّ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىدا، ئۆزىدە ياكى مېلىدا ھەيران قالغۇدەك (گۈزەل» بىر نەرسە كۆرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن! چۈنكى كۆز تېگىش ھەقتۇر»[2]. (مەسىلەن: «بارەكەللاھ» دېيىش لازىم.)

43-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ گە قانداق سالاۋات ئوقۇيسىز؟

جاۋاب: «اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ»

«ئىلاھىم! ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە رەھمەت قىلغاندەك مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگىمۇ مول رەھمەت قىلغىن. ئىلاھىم! ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە بەرىكەت بەرگەندەك مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگىمۇ بەرىكەت بەرگىن»[3] .

[1] تىرمىزى رىۋايىتى
[2] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

# توققۇزىنچى قىسىم: تۈرلۈك مەسىلىلەر بۆلۈمى

1-سوئال: شەرئەت بۇيرۇغان بەش ھۆكۈم قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇلار:

1. پەرز – قىلىشقا قەتئىي بۇيرۇق قىلىنغان.
2. مۇستەھەپ – قىلىش تەرغىپ قىلىنغان، قىلسا ساۋاپ بولىدىغان ئەمەللەر.
3. ھارام – قەتئىي چەكلەنگەن ئەمەللەر .
4. مەكرۇھ – قىلماسلىق تەرغىپ قىلىنغان، قىلمىسا ساۋاب بېرىلىدىغان ئەمەللەر.
5. مۇباھ – قىلىش-قىلماسلىق ئىختىيارى قىلىنغان ئەمەللەر.

2-سوئال: بۇ بەش ھۆكۈمنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈڭ؟

جاۋاب:

پەرز: بەش ۋاقىت ناماز، رامىزان روزىسى ۋە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئەمەللەردۇر. قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ تەرك ئەتكۈچى گۇناھكار بولىدۇ ۋە جازالىنىدۇ.

مۇستەھەپ: بەش ۋاقىت نامازنىڭ سۈننەتلىرى، كېچىلىك نەپلى نامازلار، پېقىر-مىسكىنلەرگە تائام بېرىش ۋە سالام بېرىشتەك ئەمەللەردۇر. بۇ «قىلىش تەرغىب قىلىنغان ئەمەللەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدۇ، قىلمىغانلار گۇناھكار بولمايدۇ.

مۇھىم ئەسكەرتىش: بىر مۇسۇلمان «بۇ ئەمەل سۈننەت ياكى مۇستەھەب» دېگەننى ئاڭلىغاندا، ئۇنى قىلىشقا ئالدىرىشى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يولىغا ئەگىشىشى لازىم.

ھارام: ھاراق ئىچىش، ئاتا-ئانىنى قاخشىتىش ۋە سىلە-رەھىمنى (تۇغقانچىلىقنى) ئۈزۈپ قويۇشقا ئوخشاش ئىشلاردۇر. قىلغان كىشى گۇناھكار بولۇپ جازالىنىدۇ، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تەرك ئەتكەن كىشى مۇكاپاتلىنىدۇ.

مەكروھ: ئىلىش-بېرىشتە سول قولنى ئىشلىتىش ياكى نامازدا كىيىمنى تۈرۈۋېلىشتەك ئىشلاردۇر. قىلغۇچى جازالانمايدۇ، ئەمما تەرك ئەتكۈچى ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

مۇباھ (ئىختىيارى ): ئالما يېيىش ياكى چاي ئىچىشكە ئوخشاش ئىشلاردۇر. قىلسا ياكى قىلمىسا ساۋاب ياكى جازا بېرىلمەيدۇ.

ئەسكەرتىش: مۇباھ ئەمەللەرنىڭ ھۆكمى شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: يولدا مېڭىش مۇباھ، ئەمما ئەزان ئوقۇلغاندا مەسجىدكە مېڭىش ۋاجىپقا ئايلىنىدۇ.

### 3-سوئال: سودا-سېتىق ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئەسلىدە ئېلىم-سېتىم ۋە ئۆز-ئارا مۇئامىلە قىلىش ھالالدۇر. لېكىن ئاللاھ تەئالا بەزى تۈرلىرىنى ھارام قىلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا﴾

« ئاللاھ سودىنى ھالال قىلدى ۋە ئۆسۈمنى ھارام قىلدى»[1].

### 4-سوئال: ھارام قىلىنغان بەزى مۇئامىلە ۋە سودا تۈرلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

جاۋاب:

1. ئالدامچىلىق (كۆز بويامچىلىق:) مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ سېتىش. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر ئاشلىق ساتقۇچىنىڭ ھۆل ئاشلىقنى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرگەندە: «ئۇنى كىشىلەر كۆرسۇن

[1] بەقەرە سۈرىسى ، 275-ئايەت

ئۇچۇن ئۈستىگە قويساڭ بولامدۇ؟! كۆز بويىغانلار مېنىڭدىن ئەمەس
» [1] دېگەن.

2. جازانە (ئۆسۈم): بىر كىشىدىن مىلىڭ سوم قەرز ئېلىپ، قايتۇرغاندا ئارتۇق قايتۇرۇشقا پۈتۈشۈش. ئالغان قەرزگە قوشۇپ ئارتۇق قايتۇرۇش ئۆسۈم بولۇپ، ئۇ ھارامدۇر.

3. ئېنىقسىزلىق (غەرەر): تېخى سېغىلمىغان سۈتنى ياكى سۇدىكى تۇتۇلمىغان بېلىقنى سېتىشقا ئوخشاش، تېخى قولغا كەلمىگەن، ئېنىق بولمىغان نەرسىنى سېتىش ھارامدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن توسقان.

## 5-سوئال: ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەردىن بەزى مىساللارنى سۆزلەڭ؟

جاۋاب:

1. ئىسلام نېمىتى: ئەڭ كاتتا نېمەت – سىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭىزدۇر.

2. سۈننەت نېمىتى: سىزنىڭ بىدئەت ئەھلىدىن بولماي، سۈننەتكە ئەگەشكەنلىكىڭىز.

3. سالامەتلىك نېمىتى: ئاڭلاش، كۆرۈش، مېڭىش ۋە بارلىق ئەزالىرىڭىزنىڭ ساق-سالامەت بولۇشى.

4. رىزىق نېمىتى: يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەر.

5. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِن تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا ۗ إِنَّ اللَّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

«ئەگەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى سانىساڭلار، ئۇنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر» [2] .

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى

[2] نەھل سۈرىسى، 18-ئايەت

6-سوئال: نىمەتلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىڭىز نىمە؟ ئۇنىڭغا قانداق شۈكرى ئېيتىسىز؟

جاۋاب: يالغۇز ئاللاھقا تىل بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىش، قەلب بىلەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇ نىمەتلەرنى گۇناھ ئىشلارغا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق شۈكرى ئېيتىش پەرىزدۇر.

7-سوئال: مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيىت-بايراملىرى قايسىلار؟

جاۋاب: مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت ئىككى بايرىمى بار: روزا ھېيىت ۋە قۇربان ھېيىت. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئويناپ بايرام قىلىدىغان ئىككى كۈنى بارلىقىنى كۆرۈپ: «ئاللاھ سىلەرگە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغان قۇربان ھېيىت ۋە روزا ھېيىتنى ئالماشتۇرۇپ بەردى»[1] دېگەن .

بۇ ئىككىسىدىن باشقا بايراملار بىدئەتتۇر.

8-سوئال: ئەڭ پەزىلەتلىك ئاي قايسى؟

جاۋاب: رامىزان ئېيى.

9-سوئال: ھەپتىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك كۈنى قايسى؟

جاۋاب: جۈمە كۈنى.

10-سوئال: بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك كۈن قايسى؟

جاۋاب: ئەرەفات كۈنى.

11-سوئال: بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك كېچە قايسى؟

جاۋاب: قەدىر كېچىسى.

12-سوئال: نامەھرەم ئايالنى كۆرگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: تىكىلىپ قاراشتىن كۆزنى يۇمۇش (تۆۋەنگە قاراش) لازىم. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ﴾

«مۆئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، كۆزلىرىنى نامەھرەملەردىن يۇمسۇن»[1].

13-سوئال: ئىنساننىڭ دۈشمەنلىرى نېمىلەردۇر؟

جاۋاب:

1. نەپسى خاھىش (يامانلىققا بۇيرۇيدىغان كۆڭۈل): ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ إِلاَّ ما رَحِمَ رَبِّي إِنَّ رَبِّي غَفُورٌ رحيم﴾ «بۇ نەپىس ھەقىقەتەن يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، لېكىن رەببىمنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، رەببىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، شەپقەتلىكتۇر»[2].

2. شەيتان: ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ ئوچۇق دۈشمىنى بولۇپ، غايىسى ئىنساننى ئازدۇرۇپ دوزاخقا تاشلاشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾ «شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر»[3].

14-سوئال: تەۋبە دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئۇ ــ گۇناھ-مەئسىيەتنى تاشلاپ ئاللاھقا قايتىش ۋە تائەت-ئىبادەتكە يۈزلىنىشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَ إِنِّي لَغَفَّارٌ لِّمَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُمَّ اهْتَدَىٰ﴾

«مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان، ئاندىن ھىدايەت تاپقان كىشىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»[4].

15-سوئال: توغرا تەۋبىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب:

---

[1] نۇر سۈرىسى، 30-ئايەت
[2] يۇسۇف سۈرىسى، 53-ئايەت
[3] بەقەرە سۈرىسى ، 168-ئايەت
[4] تاھا سۈرىسى، 82-ئايەت

1. گۇناھنى دەرھال توختىتىش .
2. ئۆتكەن گۇناھلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىش .
3. ئۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا قەتئىي بەل باغلاش.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَىٰ مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

« ئۇلار بىرەر ناچار ئىش قىلىپ قالسا ياكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ-دە، گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەيدۇ. گۇناھنى ئاللاھتىن باشقا كىم مەغپىرەت قىلىدۇ؟ ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ قىلغان گۇناھىدا چىڭ تۇرۇۋالمايدۇ».[1]

## 16-سوئال: پەيغەمبەر ﷺ گە سالاۋات ئوقۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: سالاۋات ئوقۇش ـ سىزنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئۈچۈن ئاللاھتىن تىلىگەن خەيرلىك تىلەكلىرىڭىز ۋە ئاللاھنىڭ ئۆز ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەر ئارىسىدا پەيغەمبەر ﷺ نى مەدھىيەلىشىدۇر.

## 17-سوئال: «سُبْحَانَ اللَّهِ» نىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھ تەئالانى بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ياد ئېتىشتۇر. يەنى: «ئەي ئاللاھ، سەن ھەممە نۇقساندىن پاكسەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

## 18-سوئال: «الْحَمْدُ لِلَّهِ» نىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئاللاھنى پۈتۈن كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن مەدھىيەلەش. يەنى: «پۈتۈن گۈزەل مەدھىيەلەر ئاللاھقا خاستۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

## 19-سوئال: «اللَّهُ أَكْبَرُ» نىڭ مەنىسى نېمە؟

[1] ئال ئىمران سۈرىسى، 135-ئايەت

جاۋاب: «ئاللاھ بارلىق نەرسىدىن بۈيۈكتۇر، ئۇلۇغدۇر ۋە قۇدرەتلىكتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

20-سوئال: «لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ» نىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: «بەندىنىڭ بىر ئەھۋالدىن يەنە بىر ئەھۋالغا ئۆزگىرىشى ۋە ھەر قانداق ئىشنى قىلىش كۈچ-قۇۋۋىتى پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

21-سوئال: «أَسْتَغْفِرُ اللَّهَ» نىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: بەندىنىڭ ئۆز رەببىدىن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشىنى ۋە ئەيىبلىرىنى يېپىشىنى تىلىشىدۇر.

# خاتىمە

ئاخىردا شۇنى تەكىتلەيمەنكى: بۇ سوئال-جاۋابلار بالىلارنىڭ توغرا سۆز، توغرا ئەمەل ۋە ساغلام ئەقىدە بىلەن يېتىلىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار چوقۇم تەكرار شەرھلەپ ئۆگىتىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم مەسىلىلەردۇر. پەرزەنتلەرنى مۇشۇنداق توغرا يول ئۈستىدە تەربىيەلەش ئۇلارنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشتىنمۇ مۇھىمدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُعَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَّا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

« ئەي ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسانلار ۋە تاشلار بولغان دوزاخ ئوتىدىن ساقلاڭلار. دوزاختا قوپال، قاتتىق قول پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»[1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«كُلُّكُمْ رَاعٍ، وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، فَالْإِمَامُ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِيأَهْلِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالْمَرْأَةُ رَاعِيَةٌ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا وَمَسْئُولَةٌ عَنْ رَعِيَّتِهَا...»

« سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار بىر پادىچى (باشلىق) دۇر ۋە ھەر بىرىڭلار ئۆز قول ئاستىڭلاردىكىلەردىن مەسئۇلدۇرسىلەر. ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ باشلىقىدۇر ۋە ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر.

---

[1] تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت

ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ باشلىقىدۇر ۋە ئۇمۇ ئائىلىسىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر»[1].

**وَالحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ العْالَمِينَ، وَصَلَّى اللَّهُ وَسَلَّمَ عَلَى نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ أجْمَعِينَ**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى